

بسم الله الرحمن الرحيم
واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلرى

# المسلم الصيني

# 中国穆斯林

2004 3

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة



1



2

1 دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركى 6-ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

2 دوكتور ئابدۇللا تۈركى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپلىرىغا ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق ئىدىيىسى قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا نۇتۇق سۆزلىدى ۋە تالىپلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

3 تالىپلار، ئىماملار كۇرسىدىكى ئىمام-ئاخۇنلار ۋە مەسئۇللار نۇتۇق ئاڭلىماقتا.



3



4




5



6

4 ئىراننىڭ قۇم شەھرىدىكى دۇنيا ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقات مەركىزى ۋەكىللىرى 2004-يىل 7-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى ۋە مۇناسىۋەتلىك ھەمكارلىق تۈرلىرى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.

5 2004-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى تەيۋەندە زىيارەتتە بولدى.

6 2004-يىل 5-ئاينىڭ 14-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى 2-قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ ئىماملار كۇرسىغا قاتناشقان دىنىي زاتلار بېيجىڭدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.

## «قۇرئان كەرىم»دىن

### دىندا ئىختىلاپ قىلىشماسلىق توغرىسىدا

بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم. — سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 3-ئايەت

ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چۇقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ.

— سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 103-ئايەت

سىلەر دىندا ئىختىلاپ قىلىشىپ، پىرقە-پىرقە بولۇپ، ھەرپىرقە ئۆز دىنى بىلەن خۇشاللىنىدىغانلاردىن (بولماڭلار). — سۈرە «رۇم» (30-سۈرە)، 32-ئايەت

روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

— سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 105-ئايەت

ئىناق بولۇڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، سىلەردىن بۇرۇنقىلار ئىختىلاپ قىلىشقانلىقتىن ھالاك بولغان.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

ئاللاھ ... قۇرئانغا مەھكەم ئېسىلىپ، ئىختىلاپ قىلىشماسلىقىڭلاردىن ... رازى بولىدۇ. (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

ئۆزئارا دۈشمەنلەشمەڭلار، ئۆزئارا قېرىنداشلارچە بولۇڭلار. (بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

## «ھەدىس شەرىف»تىن

المسلم الصيني

# مۇندەرىجە

## ▼ ئالاھىدە خەۋەرلەر ▼

دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى.................(4)
5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى ............ (5)

## ▼ ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى ▼

ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان..... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى(6)
ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى ......... دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق(13)
بەزى ئىبادەت ئەمەللىرى ھەققىدە .............. ئابدۇخالىق ئالىم (18)

## ▼ ئىسلام ئەقىدىلىرى ▼

ئىسلام دىنى ھەر قانداق ئىشتا نىيەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.............. ......... ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەبىر (20)
قۇلۇم-قوشنىلارنىڭ بىر-بىرىدىكى ھەقلىرى ........ ئابدۇللا مامۇت (23)

## ▼ «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى ▼

«قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى ......... ياقۇپجان ئەزىز (26)

## ▼ ۋەز-تەبلىغ ▼

ئىسلام دىنى ھاياتلىقنى قەدىرلەيدۇ............ تۇرسۇننىياز ئاۋۇت (29)
مۇسۇلمانلار سۆز ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.......خېلىل ھۇسەن(32)
دىنىي ئەھلى ساھەلەر، باشقا تىللارنىمۇ ئۆگىنەيلى....................................مۇھەممەد مەھمۇد (35)

## ▼ ئىسلام ئەدەپ-ئەخلاقى ▼


ھەسەتخورلۇقنىڭ يامانلىقى ھەققىدە............... سەلەي بەكرى (38)

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ئىتتىپاقلىق ▼

ئۆملۈك پەرزدۇر، تەپرىقە ھارامدۇر.......... ئابدۇرېقىپ ئابدۇغېنى(40)

## ▼ ئىسلام دىنى ۋە ھايات ▼

ئىسلام ۋە ۋاقىت .............. يۇسۇپجان سەمەت (43)




**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

中国穆斯林

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 72-سان 总第72期)

باش مۇھەررىر:

**شەمسىددىن ھاجى**

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:

**ھاجى بارات رەجەپ**

تېخنىك تەھرىر:

**ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**

تەكلىپلىك تەھرىر:

**ئادىل ھاجى كېرەم**

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:

**شەمسىنۇر ھوشۇر**

主　　编: 夏米西丁・哈吉
副 主 编: 巴拉提・热吉甫
技术编辑: 安瓦尔・穆罕默德
特邀编辑: 阿迪力・阿吉克力木
封面设计: 夏美希努尔・吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 邮发代号: 58—167

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1720

国外代号: Q1720

CHINA MUSLIM

# مۇندەرىجە

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار ▼


ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن قارىشى ۋە ئۇيغۇرلار .... ئابدۇكېرىم ھاجى (47)
ئالدامچى ''موللا'' لاردىن ھەزەر ئەيلەيلى ............ ئىدرىس قادىر (49)


## ▼ئىمام-خاتىپلىرىمىز ▼


خالىس ئىبادەت ۋە ئىمام-خاتىپلار ئەجرى ........
........................ مىجىت ئىسلام داموللا ھاجىم (51)
ئىمام- خاتىپلىرىمىزنىڭ بۇرچى ........... يۈسۈپ قادىر مەھەممەت (54)
پەزىلەتلىك ياش ئىمام ........... ئابلىمىت نۇجۇپ، ئابلىمىت قۇربان(55)


## ▼ ئىسلام ئىلمىدىن تەرمىلەر ▼


نەپسىگە ھاكىم بولماق .............................. (25)
ياخشى دوستىنىڭ مۇھىملىقى..................................(53)
رىزىق ۋە ئەجەل ..............................................(57)


## ▼ ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى ▼


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۈرۈمچى تەيۋەننى زىيارەت قىلدى .....(58)
شەمشىدىن ھاجى يەھيا ماچىشى ۋاپاتىنىڭ 90يىللىق خاتىرە پائالىيىتىگە قاتناشتى ........................................ (58)
شىنجاڭدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون مۇسۇلمانلىرىغا ئىئانە پۇلى توپلاش، يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى ........................ (58)
ھەبىبۇللا مەتسەيدى، ياقۇپ ھاجى، ئەنۋەر ئىمىن قاتارلىقلار خەۋىرى........(59)


## ▼ئىسلام مائارىپى ▼


ئابدۇللا تۇركى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىمام-ئاخۇنلار كۇرسىدا نۇتۇق سۆزلىدى ..................................... (57)
ئاپتونوم رايونلۇق2 - قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ دىنىي زاتلار كۇرسى ئاخىرلاشتى .............................................. (60)
ياقۇپ ھاجى، كېرەم روزى، شاھمەردان ئىمىننىياز قاتارلىقلار خەۋىرى............... (61)



## ▼ تۆھپىكار دىنىي زاتلار، ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار ▼


خاسىيەت مەھەممەت، تۇرغۇن ئابدۇل قاتارلىقلار خەۋىرى.....................(61)


## ▼ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ژۇرنىلى ▼


ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچى ئاپتورلار سەمىگە ..........................(63)
ھىجرىيە 1425-يىللىق رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقتى جەدۋىلى ..........(64)


( بۇ سان2004-يىل 9- ئاينىڭ 1- كۈنى نەشىردىن چىقتى )




2004

3

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى: «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛ ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053 فاكس: 83520073

تېل: 83520073، 63513181 - 010

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119-قورۇ پوچتا نومۇرى:830001

تېل: 0991-2566193

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ. (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办: 中国伊斯兰教协会

编辑出版: 《中国穆斯林》维文编辑部

印　　刷: 中央民族大学印刷厂

订阅、发行: 全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局;《中国穆斯林》维文编辑部

地址: 北京市宣武区南横西街103号

邮编: 100053 电话: 010-63513181

010-83520073 (兼传真)

新疆发行站:乌鲁木齐市延安路119号

邮编:830001电话: (0991) 2566193

国外发行: 中国国际图书贸易公司

(北京 399 信箱)

# دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركى باشچىلىقىدىكى 9 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى 6-ئاينىڭ 16-كۈنىدىن25-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزدە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى 6-ئاينىڭ 16-كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەندى. جۇڭگودىكى مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇئاۋىن باش كاتىپى مۇستافا ياڭ جىبو قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بېيجىڭ، يىنچۈەن، لەنجۇ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردا زىيارەتتە بولدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق دۆلەت رەھبەرلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل قىلدى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يې شاۋۋېن، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى ما چىجى ۋە مۇئاۋىن رەئىسى ۋاڭ جېڭۋېي، گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى يىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن ئىمىر باقى قاتارلىق رەھبەرلەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. قوبۇل قىلىش ۋە كۆرۈشۈش جەريانىدا رەھبەرلەر مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان تارىختىكى ئەڭ ياخشى تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويغانلىقى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودىكى مەزگىلىدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى، بېيجىڭ شەھەرلىك ئىسلام دارىلفۇنۇنى، دۇڭسى مەسچىتى، نيۇجيې مەسچىتى، نىڭشيا ئىسلام دارىلفۇنۇنى، گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتى، لەنجۇ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، لەنجۇ شىگۈەن جامەسى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپى، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى، ئۈرۈمچى ياڭخاڭ مەسچىتى، ئۈرۈمچى شەنشى جامەسى قاتارلىق جايلارنى ۋە بىر قىسىم ساياھەت ئورۇنلىرىنى زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە جايلارنىڭ مەسئۇللىرى قوبۇل قىلغان ۋە كۆرۈشكەن چاغدا، دوكتور ئابدۇللا تۈركى دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئۆز دۆلىتى ھۆكۈمىتى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىشىنى، تىرىشىپ دۆلەت ۋە جەمئىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىنى، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان ئاممىا بىلەن بۇلۇنۇش ۋە زىددىيەت بولماسلىقىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شىنجاڭدا مۇئاۋىن رەئىس ئەركىن ئىمىر باقى بىلەن كۆرۈشكەندە، دوكتور ئابدۇللا تۈركى مۇنداق دېدى: جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتىنىڭ مۇنداق ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشاللاندىم. دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بولغان ئالاقە ۋە ھەمكارلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنداقلا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشنى خالايدۇ. دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى خەلقئارالىق مىزان بويىچە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدۇ. ھەر قانداق شەكىلدىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇققا قارشى تۇرىدۇ.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭغا كېلىپ ئەتىسى(6-ئاينىڭ 17-كۈنى) جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. دوكتور ئابدۇللا تۈركى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئۇيۇشتۇرغان ياش-ئوتتۇرا ياش ئىمام-ئاخۇنلار مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ نۇتۇق سۆزلەشتىن سىرت، رەئىس ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت داۋامىدا دوكتور ئابدۇللا تۈركى مۇنداق دېدى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئىنتايىن زور تەشكىلات، ئۇنىڭ تەسىرى كەڭ، ئىسلام ئىتتىپاقى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن بولغان ھەمكارلىققا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىشنى شەرق ئاسىيا رايونىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ۋە شەرقىي ئاسىيا مۇسۇلمانلىرىدا بىر روشەن ئارتۇقچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، ئېتىقادى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتەلەيدۇ. جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت نەمۇنىسى ، بۇنى سىرتقا تونۇشتۇرۇشقا ئەرزىيدۇ.

سۆھبەت جەريانىدا ئىككى تەرەپ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى ۋە ئورتاق تونۇشقا كەلدى، مۇناسىۋەتلىك ھەمكارلىق تۈرلىرىنى كېڭەشتى ۋە يېقىن ئارىدا ھەمكارلىق ئەسلىمىسى ئىمزالاشماقچى بولدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى 6-ئاينىڭ 25-كۈنى جۇڭگودىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئۈرۈمچىدىن ۋەتىنىگە قايتتى.

# 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى بېيجىڭدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنىدىن 25-كۈنىگىچە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى زالىدا 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە مەملىكەت بويىچە 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، سالار قاتارلىق 5 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 70 نەپەر (63 نەپەر ئەر، يەتتە نەپەر ئايال) ۋەز-تەبلىغچى قاتناشتى.

قۇرئان تىلاۋەت بىلەن باشلانغان مۇسابىقىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇددەرىس-تالىپلىرى، مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ۋەز-تەبلىغچىلەر، تەكلىپ بىلەن مۇسابىقىنى كۆرۈشكە كەلگەن ۋەكىللەر قاتناشتى. مۇراسىمدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى باشلىنىش نۇتقى سۆزلىدى.

مۇسابىقە خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى ۋە ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە ئېلىپ بېرىلدى. خەنزۇ تىلى گۇرۇپپىسى يەنە ئەرلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاياللار گۇرۇپپىسى دەپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. تۆت كۈن ئېلىپ بېرىلغان جىددىي مۇسابىقە ئارقىلىق، ئاتاقلىق ئۆلىمالار، ئاخۇنلار ۋە تەتقىقاتچى خادىملاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى بىلەن، خەنزۇ تىلى ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن نىي ۋېنجيەن (گەنسۇدىن) بىرىنچىلىكنى؛ ما چۇنجيې (شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن)، ما ياۋجۇن (خېنەندىن)، چېن فېڭ (شەنشىدىن)، جاڭ جۇڭگواڭ (شەندۇڭدىن) ئىككىنچىلىكنى؛ دىڭ جيەنچاۋ (خېنەندىن)، ما فۇگۇي (چىڭخەيدىن)، جاڭ شۇگاڭ (سىچۇەندىن)، ما ئەيمىن (بېيجىڭدىن)، گو شياۋچى (نىڭشيادىن) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. بەي چۇنجى (جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى)، جىن گوچېڭ (جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى)، ما شېڭمىڭ (نىڭشيادىن) قاتارلىقلار مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىدىن ئابدۇكېرىم ئۆمەر داموللام (ئاقسۇدىن) بىرىنچىلىكنى؛ مۇھەممەدئابدۇللا ئۆمەر (جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ تالىپى)، ئابدۇرېھىم غوپۇر (ئۈرۈمچىدىن) ئىككىنچىلىكنى؛ ئوسمان قارى (قەشقەر كونىشەھەردىن)، ئابدۇمىجىت ئاخۇن (خوتەن چىرادىن)، ئالىمجان داموللا (ئىلى قورغاستىن) ئۈچىنچىلىكنى ئالدى. نابىغالى ئەسكەربېك ئوغلى (ئىلى ئوبلاستىدىن، قازاق) مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن ۋاڭ خەيتاۋ (گەنسۇدىن)، ياڭ مېيلىڭ (نىڭشيادىن) ئالاھىدە ۋەز-تەبلىغچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشقان ۋەز-تەبلىغچىلەر «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە باشقا دىنىي كىتابلاردىن نەقىل كەلتۈرۈپ، شەرىئەت، ئىسلام ئەھكاملىرى، ئىسلام ئەخلاقى، ئىسلام پەلسەپىسى قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىلىپ سۆزلەپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى يەنىمۇ قېزىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىشقا رىغبەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆز قاراشلىرىنى بايان قىلىپ، يېڭى مەزمۇن ۋە دەۋر روھىغا باي ۋەز-تەبلىغلەرنى ئېيتتى.

6-ئاينىڭ 25-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد سەئىد ما يۇنفۇ رىياسەتچىلىك قىلدى. مۇراسىمغا مۇسابىقە قاتناشچىلىرىدىن باشقا، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيوڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن مەھكىمە باشلىقى گو چېڭجېن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن، مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد ما يۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجى، مۇھەممەد سىددىق ما جۇڭجې، ئابدۇللا لى خۇڭبىن، مەسلىھەتچىلەردىن مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، نۇئمان ماشىيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيو، بارات رەجەپ، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى خالىد ياڭ زوڭشەن قاتارلىق رەھبەرلەر، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم دائىمىي ھەيئەت ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى ۋە بارلىق مۇددەرىس - تالىپلىرى، بىر قىسىم ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، بېيجىڭدىكى بىر قىسىم مۇسۇلمان ئامما ھەمدە مۇناسىۋەتلىك ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا ۋەز-تەبلىغچىلەر ئۈلگە كۆرسىتىپ ۋەز تەبلىغ قىلدى. ئاخىرىدا مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىدىن جياڭ جيەنيوڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدىن گو چېڭجېن سۆز قىلىپ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى نامىدىن بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەم ئۈمىد ئارزۇلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۇەن ئاخۇن يېپىلىش نۇتقى سۆزلەپ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ ۋەز-تەبلىغ سۆزلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى ياخشى سۆزلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مۇراسىمنىڭ ئاخىرىدا رەھبەرلەر نەتىجىگە ئېرىشكەن ۋەز-تەبلىغچىلەرگە لەۋھە، تەقدىرنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى. مۇراسىم ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق ئابدۇكېرىم ئۆمەر داموللامنىڭ دۇئا تىلاۋىتى بىلەن ئاخىرلاشتى.

# ھەدىس شەرىف توغرىسىدا ئومۇمىي بايان

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

تەھرىر ئىلاۋىسى: كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەدىس ئىلمى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ ساندىن باشلاپ، ئىسلام ئالىمى ئۇستاز مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىمنىڭ «‹ھەدىس شەرىف›توغرىسىدا ئومۇمىي بايان»دېگەن بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان ماقالىسىنى ژۇرنالىنىڭ بىر قانچە سانىغا بۆلۈپ بەرمەكچىمىز. تۆۋەندىكىسى بۇ ماقالىنىڭ باش قىسمى.

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ھەدىس ئىسلام دىنىدا «قۇرئان كەرىم»دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساس ۋە تۈپ مەنبە ھېسابلىنىدۇ. ھەدىس «قۇرئان كەرىم»نىڭ كونكرېت شەرھلىنىشى، ئەمەلىي تەتبىقلىنىشى بولۇپ، ھەدىس بىلەن تونۇشۇش «قۇرئان كەرىم»نى چۈشىنىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

جاھان مۇسۇلمانلىرى بۇرۇندىن تارتىپلا «قۇرئان كەرىم»گە قانداق ئەھمىيەت بەرگەن بولسا ھەدىس شەرىفكىمۇ شۇنداق ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ساھابىلەر، تابىئىنلار زامانىدىن تارتىپلا ئىسلام ئۆلىمالىرى، ھەدىسشۇناسلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنى قويۇپ كەتتىم، بۇ ئىككىسىنى چىڭ تۇتساڭلار ئازمايسىلەر" دېگەن تارىخىي ئەھمىيەتلىك تەۋسىيەسىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋە "مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ ئېسىدە قالدۇرۇپ، ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزگەن ئادەمنى ئاللاھ شادلاندۇرغاي" دېگەن سۆزىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىش يۈزىسىدىن ئەسىرلەر بويى ھەدىس ئىلمىنى تارقىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە، ئوخشىمىغان جايلاردا ھەدىسشۇناسلىقنى پۇختا ئاساستا بەرپا قىلىپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەرىپەتلىك تارىخىنىڭ پارلاق سەھىپىلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ھەدىس ئىلمى ئۈچۈن بېسىلغان گىگانت قەدەملەر، ھەدىس ئىلمىنىڭ گۈللىنىشىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان نۇرلۇق سىمالار، ھەدىسلەر خەزىنىسىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ناياب گۆھەرلەر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەينى زامانلاردا دىيارىمىزدا ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قەدەم جايلىرى ھېسابلانغان مەدرىسلەرنى ئىستىقامەتلىرى بىلەن ئاۋات قىلغان ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشلىرى خىيال ئەينىكىمدە جىلۋىلىنىدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ نەسلى بولمىش ئەھلى ئىلىم ئوقۇرمەنلەر ھەدىس ھەققىدە بىر قەدەر تەپسىلىي، دۇرۇس چۈشەنچە ھاسىل قىلار دېگەن مەقسەتتە بۇ بايانىنى ئۇلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنغۇم كەلدى.

## 1. "ھەدىس" سۆزى بىلەن "سۈننەت" سۆزىنىڭ مەنىسى ۋە ئۇلارنىڭ پەرقى

"ھەدىس" سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى "يېڭى" دېگەن بولۇپ، "قەدىم"سۆزى بىلەن مەنە جەھەتتىن قارىمۇ قارشى(سۆز)دۇر.

بەزى ئۆلىمالار "قەدىم" دېگەن سۆزدىن «قۇرئان كەرىم» كۆزدە تۇتۇلسا، "ھەدىس" دېگەن سۆزدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ دەپ قارايدۇ. گويا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۈننىتىگە ھەدىس دەپ ئات قويۇپ بەرمەكچى بولغاندەك: "ئى ئەبۇ ھۇرەيرە، سېنىڭ ھەدىسكە ئامراقلىقىڭنى كۆرۈپ، سەندىن باشقا ھېچكىممۇ ئاۋۋال

بۇنى سورىمايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم" دېگەن سۆزىدە ھەدىسنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

"سۈننەت" سۆزى لۇغەت مەنىسىدە مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى يامان بولسۇن،" يول، مەسلەك" دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. سۈننەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدە يۇقىرىقى مەنىدە كەلگەن: " **كىمكى ئىسلام دىنىدا بىرەر ياخشى يولنى بەرپا قىلسا ۋە كېيىنكىلەر ئۇ يولدىن ماڭسا تاكى قىيامەتكىچە ئاشۇ كىشىگە ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە ئاللاھ ساۋاب ئاتا قىلىدۇ. كىمكى بىرەر يامان يولنى بەرپا قىلسا ۋە كېيىنكىلەر شۇ يولدا ماڭسا تاكى قىيامەتكىچە شۇ كىشىگە ۋە ئەگەشكۈچىلەرگە گۇناھ يېزىلىدۇ**".

ھەدىسشۇناسلار ھەدىس بىلەن سۈننەتنى مەنداش سۆزلەر دەپ قارايدۇ ۋە ھەدىس بىلەن سۈننەتكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئەخلاقى، سۈپەتلىرى، مىجەز-خاراكتېرى، يارىلىشتىكى جىسمانىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈپ تۇرۇپ ماقۇللاش يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلغان باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى دەپ تەبىر بېرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دىمۇ سۈننەت سۆزى يول مەنىسىدە كەلگەن: "**ئاللاھنىڭ ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرگە تۇتقان يولىدۇر**" {سۈرە«ئەھزاب»(33-سۈرە)، 62-ئايەت}. سۈننەت سۆزى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىدە ھەدىس مەنىسىدە كەلگەن: "**سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمنى مەھكەم تۇتۇڭلار**" (سۈنەن ئىبنى ماجە)

كېيىنكى چاغلاردا ھەدىس مەنىسىدىكى سۈننەت سۆزى كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشقان. ھەدىس ئىلمى ئەڭ راۋاج تاپقان مەدىنە مۇنەۋۋەرە "دارۇسسۈننە (سۈننەت يۇرتى)" دەپ ئاتالغان.

مەشھۇر ھەدىسشۇناسلارمۇ "امام فى السنة " يەنى "ئىلمى ھەدىسنىڭ پېشۋاسى" دەپ ئاتالغان. «كۇتۇبۇسسىتتە»، «سىھاھى سىتتە» دەپ ئاتالغان مەشھۇر ئالتە پارچە ھەدىس كىتابىنىڭ تۆت پارچىسىنىڭ نامىدىمۇ سۈننەت سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان "سۈنەن" سۆزى قوللىنىلىپ، «سۈنەن ئەبۇ داۋۇد»، «سۈنەن نەسەئى»، «سۈنەن تىرمىزى»، «سۈنەن ئىبن ماجە» دەپ ئاتالغان.

مەيلى قۇرئان بويىچە بولسۇن، مەيلى ھەدىس بويىچە بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا ئۇيغۇن بولغان بىرەر ئىشنى قىلغان ئادەم "سۈننەتكە ئەمەل قىلغان ئادەم" دېيىلىدۇ، سۈننەتنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلغان ئادەم "بىدئەتچى، ئەھلى بىدئەت" دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىي تەلىمات سۆزلىرى سۈننەتى قەۋلىيە (سنة قولية )، ئىش-ھەرىكەتكە دائىر ھەدىسلەر سۈننەتى فىئلىيە (سنة فعلية ) دېيىلىدۇ. "سنة قولية " گە دائىر مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، "**ھەقىقەتەن بارلىق ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇشى نىيەتكە باغلىق بولىدۇ. ھەقىقەتەن كىشىگە ئۆزى نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ**" دېگەن ھەدىس شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

"سنة فعلية "گە كېلىدىغان بولساق، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە دائىر نۇرغۇن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارەت، ناماز، روزا، ھەج پائالىيەتلىرىدىكى ھەرىكەتلىرىنى بۇنىڭ مىسالى قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقۇللاش يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلغانلىقى" تەقرىر" دېيىلىپ، بۇنىڭغا دائىر نۇرغۇن ھەدىسلەر رىۋايەت قىلىنغان. تۆۋەندىكى ھەدىس ئۇنىڭ بىر مىسالىدۇر.

بەنى قۇرەيزە غازىتىدا ساھابىلار يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: "**سىلەر ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەدە ئوقۇڭلار**"دەپ بۇيرۇغان. ساھابىلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزنى زاھىرى مەنىسى بويىچە چۈشىنىپ، ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزە گە بېرىپ، شا نامىزدىن كېيىن ئوقۇغان. يەنە بەزىلەر بولسا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنى تېزراق مېڭىپ، ئەسىر نامىزىغىچە بەنى قۇرەيزەگە يېتىپ بېرىشقا بۇيرۇغىنى دەپ يولدا ئەسىر نامىزىنى ۋاقتىدا ئوقۇغان. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ھەر ئىككى تەرەپنى ئىنكار قىلماستىن سۈكۈت قىلغان.

فىقھشۇناسلار سۈننەتكە يەنە ئۆز ئىستىلاھلىرى بويىچە پەرز، ۋاجىپ ئەمەللىرىدىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ ۋاقىت داۋاملاشتۇرغان، قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، تەرك ئەتكەن كىشىگە گۇناھ يېزىلمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن قىيامەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشەلمەيدىغان ئەمەللەر، دەپ تەبىر بېرىدۇ.

بىز ئادەتتە تولا تىلغا ئالىدىغان بەش ۋاق نامازنىڭ سۈننىتىنى ئوقۇش، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇش، كىچىك بالىنىڭ خەتنىسىنى قىلىش دەل مۇشۇ مەنىدىكى سۈننەتلەرنى ئورۇنلاش ھېسابلىنىدۇ.

فىقھشۇناسلارنىڭ ئىستىلاھى بويىچە كۈچلۈك ۋە

كۈچلۈك ئەمەسلىك ئېتىبارى بىلەن سۈننەت"سۈننەتى مۇئەككەدە" ۋە "سۈننەتى مۇستەھەببە" دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. سۈننەتى مۇئەككەدە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈزۈرسىز ئەسلا تەرك ئەتمىگەن ئەمەللەردۇر. بامدات، پېشىن، شام، خۇپتەن نامازلىرىنىڭ سۈننەتلىرى مۇشۇنىڭغا ياتىدۇ. سۈننەتى مۇستەھەببە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى چاغلاردا ئورۇندىغان، قىلغۇچىغا ساۋاب بېرىلىدىغان، قىلمىغانلارغا گۇناھ يېزىلمايدىغان ئەمەللەردۇر. ناماز ئەسىرنىڭ سۈننىتى، خۇپتەن نامىزىنىڭ ئالدىنقى تۆت رەكئەت سۈننىتى، نەفلى روزا، نەفلى ناماز، نەفلى سەدىقىگە ئوخشاش ئەمەللەر سۈننەتى مۇستەھەببە ھېسابلىنىدۇ.

## 2. ھەدىسنىڭ ئىسلام شەرىئىتىدە تۇتقان ئورنى

ئىسلام دىنىنىڭ مەزمۇنى قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن تولۇق ۋە روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. سۈننەت بولسا ئىسلام شەرىئىتىدە قۇرئاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم مەنبە.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك دەستۇرى بولۇش ئۈچۈن نازىل قىلدى. دەسلەپكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلار «قۇرئان كەرىم»نى رەسۇلۇللاھتىن بىۋاسىتە ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر چۈشىنىپ، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە ئەينەن ۋە توغرا رەۋىشتە يېتىپ كېلىشىگە ئاساس سالدى ۋە تۆرتكە بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قۇرئان كەرىم»نى يەتكۈزۈشتىن باشقا، «قۇرئان كەرىم»نى ئومۇمىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈش، ئايەتلەرنى شەرھلەش، قۇرئاندىكى ئومۇمىي ئەھكاملارنى تەپسىلىي بايان قىلىش ۋە ئومۇمىي قائىدىلەرنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى چۈشىنىشتە، ئۇنىڭ ئومۇمىي ئەھكاملىرىنى كونكرېت تەتبىقلاشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بايان قىلىشىغا ۋە شەرھلىشىگە موھتاج ئىدى. «قۇرئان كەرىم»دە بۇ نۇقتا مۇنداق بايان قىلىنغان: **"بىز ساڭا قۇرئاننى ئىنسانلارغا چۈشۈرۈلگەن شەرىئەتنى بايان قىلىپ بەرسۇن، ئۇلار(بۇ قۇرئاننى) پىكىر قىلىپ (ئۇنىڭدىن ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن)دەپ نازىل قىلدۇق"** {سۈرە«نەھل»(16-سۈرە)، 44-ئايەت}. ئىمام ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان تۆۋەندىكى ھەدىستە ئىسلام شەرىئىتىدە سۈننەتنىڭ تۇتقان ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى تېخىمۇ روشەن بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە مۇئاز ئىبنى جەبەلنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتكەندە، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى: **"ئەگەر سەن بىرەر ئىش ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا دۇچ كەلگەندە، نېمىگە ئاساسەن ھۆكۈم چىقىرىسەن؟"** دەپ سورىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل: "ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئاساسەن" دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئەگەر ئۇ مەسىلە ھەققىدىكى ھۆكۈم قۇرئان كەرىمدىن تېپىلمىسىچۇ؟"** دەپ سورىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئاساسەن" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىمۇ تېپىلمىسىچۇ؟"** دەپ سورىغان. مۇئاز ئىبنى جەبەل: "ئۇ چاغدا تاقىتىمنىڭ يېتىشىچە ئىجتىھات قىلىمەن" دېگەن. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەلنىڭ مەيدىسىگە رازىمەنلىك بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ: **"ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنى مەمنۇن بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن"** دېگەن.

ھەدىس شەرىئەتنىڭ ئىككىنچى مەنبەسى بولۇش سۈپىتى بىلەن«قۇرئان كەرىم» بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ خىل باغلىنىشنى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەت ئارقىلىق بايان قىلىشقا بولىدۇ.

1. ئالدى بىلەن ھەدىس ئومۇمىي ۋە تەپسىلىي رەۋىشتە «قۇرئان كەرىم»نىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا ماسلاشقان ھالدا ئۇنى كۈچەيتىش ۋە تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ناماز. روزا، زاكات، ھەجنىڭ پەرزلىكى ھەققىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قارايدىغان بولساق، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»دىكى شۇنىڭغا ئائىت مەزمۇنلار بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئاللاھ تائالا بەش پەرزنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"نامازنى ئوقۇڭلار، زاكات بېرىڭلار"** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 83-ئايەت}. **"ئى مۆمىنلەر، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى"** {سۈرە«بەقەرە(2-سۈرە)، 183-ئايەت}. **"قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى تاۋاپ قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى"** {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 97-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدە يۇقىرىقى مەزمۇنلار تەكىتلەنگەن ھالدا مۇنداق دېيىلگەن:

''ئىسلام دىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوق، مۇھەممەد بولسا ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، رامىزان روزىسى تۇتۇش، قادىر بولالىغان ئادەمنىڭ ھەج قىلىشىدەك بەش نەرسە ئۈستىگە قۇرۇلغان'' (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئاللاھ تائالانىڭ'' ئى مۆمىنلەر! بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى(ئوغرىلىق، خىيانەت قىلىش، بۇلاش، جازانخورلۇق، قىمار ئويناش قاتارلىق) ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار، ئىككى تەرەپ رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا-سېتىق ئارقىلىق ئېرىشلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا'' {سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 29-ئايەت} دېگەن كالامىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ''بىرەر مۇسۇلمان ئادەمنىڭ مېلى ئۆزى رازى بولۇپ بەرمىگىچە ئىككىنچى ئادەمگە ھالال بولمايدۇ'' دېگەن سۆزى مەزمۇن جەھەتتىن ئۇيغۇنلاشقان.

2. ھەدىس «قۇرئان كەرىم»دىكى مۇتلەق ياكى ئومۇمىي بولغان ئەھكاملارنى مۇئەييەن دائىرىدە بايان قىلىپ بېرىش ياكى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋە ياكى خاسلىققا ئىگە قىلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ مۇھىملىق دەرىجىسىنى تېخىمۇ ئېنىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە ناماز، روزا، زاكات، ھەج، سودا-سېتىق ئەھكاملىرى ئومۇمىي بايان قىلىنغان. بۇلار ھەدىسلەردە كونكرېت، تەپسىلىي ۋە روشەن بايان قىلىنىدۇ. بۇنداق ھەدىسلەر ھەدىسنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قۇرئاندا ناماز، روزا، زاكات، ھەجنىڭ ھەر بىر مۇكەللەفكە پەرز ئىكەنلىكى قەتئىي رەۋىشتە بايان قىلىنغان. ئەمما قۇرئاندىكى بۇ ئومۇمىي بايانلار بىلەنلا ئاللاھ بېكىتكەن بۇ پەرزلەرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ ئادا قىلىش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. ھەدىسنىڭ قۇرئاننىڭ ئومۇمىي ۋە مۇتلەق رەۋىشتە بايان قىلغان ئەھكاملىرىنى تەپسىلىي شەرھلەش ۋەزىپىسى دەل مۇشۇ يەردە ئىپادىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ ۋاقتى، رەكئەتلىرى، قىيام، رۇكۇ، سەجدىدەك تەپسىلىي ھالەتلىرىنى بايان قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ ساھابىلىرىگە ئۆگەتكەن. روزىنىڭ ۋاقتى، ئىپتار ۋە سۇھۇرلۇقنىڭ ۋاقتىنى بايان قىلغان. قانچىلىك مال-مۈلكى بار ئادەمگە زاكاتنىڭ پەرز بولىدىغانلىقى، ئالتۇن، پۇل، زىرائەت، مال-چارۋىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ زاكات مىقدارىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ھەج پەرزنىڭ تەپسىلىي پائالىيەت تەرتىپلىرىنى بايان قىلىپ كۆرسەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەدىسلەر ئىنچىكە تاللاش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپلانغان، مۇشۇ ۋاقىتتا پەقەت قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىپ، ھەدىسكە ئاساسلانماسلىقنى تەكىتلەيدىغان بىر قىسىم ئازغۇن كىشىلەر مەيدانغا كەلگەن. ساھابە جەلىل ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن ئەنە شۇ ئازغۇنلارنىڭ بىرىگە مۇنداق دېگەن: ''سەن ئەخمەق ئادەم ئىكەنسەن، ئەگەر قۇرئان بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان بولساڭ پېشىن نامىزىنىڭ 4 رەكئەت پەرز قىرائىتىنى ئىچىدە ئوقۇش، دېگەن قائىدىنى قۇرئاندىن تاپالامسەن؟'' ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن شۇ تەرىقىدە ناماز ۋە زاكاتنى تىلغا ئېلىپ: ''سەن بۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى قۇرئاندىن تاپالامسەن؟ «قۇرئان كەرىم» ئومۇمىي رەۋىشتە بايان قىلغان ئەھكاملارنى ھەدىس كونكرېت بايان قىلىدۇ'' دېگەن.

ئەھلى ھەدىستىن بولغان مۇتەرىف دېگەن ئالىمغا بىر كىشى: ''سەن بىزگە قۇرئاندىن باشقا نەرسە ھەققىدە سۆز ئاچمىغىن'' دېگەندە، مۇتەرىف: '' بىز قۇرئاننى ھېچقانداق نەرسىگە تەڭلەشتۈرمەيمىز، بىز پەقەتلا قۇرئاننى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئادەمگە مۇھتاجمىز'' دەپ جاۋاب بەرگەن.

3. «قۇرئان كەرىم»دە ھەم مۇقىملاشتۇرۇلماي ھەم ئىنكار قىلىنماي سۈكۈت قىلىنغان مەزمۇنلار بايان قىلىنىدۇ. ئايال كىشىنى ئۇنىڭ ھاممىسى بىلەن نىكاھىغا جەملەشنىڭ ھاراملىقى، شەرىئەتنىڭ ئەھكاملىرىغا دائىر ھەدىسلەر مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ قارىشى ئالدىنقى ئىككى تۈردىكى ھەدىسلەر ئۈستىدە بىردەكلىككە ئىگە. پەقەتلا قۇرئاندا ھەم مۇقىملاشتۇرۇلمىغان، ھەم ئىنكار قىلىنمىغان ئەھكاملار ئۈستىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپ قىلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئاندا بولمىغان ئەھكاملارنى ھەدىس ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بېكىتەلەمدۇ-يوق؟، يا بولمىسا باشقىچە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بولسىمۇ قۇرئاننىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە بولامدۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدىكى ئوخشىمىغان قاراشلىرى بار. كۆپچىلىك ئۆلىمالار بىرىنچى خىل قاراشنىڭ توغرىلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

قۇرئان بىلەن ھەدىس ئوتتۇرىسىدىكى يۇقىرىقى ئايرىلماس باغلىنىشنى بايان قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇلار ئوتتۇرىسىدا روشەن ھالدىكى پەرقلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈر. بۇ پەرقلەر تۆۋەندىكى بەش جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ.

1) قۇرئان ئەقىدە، ئىبادەت، مۇئامىلە ۋە باشقا ماۋزۇلارغا ئائىت مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىي مەنبەسىدۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى تەكىتلىگەن ۋە ئىمان ئېيتىش زۆرۈر بولغان، ئىنكار قىلغۇچىنى كۇپرىلىققا ھۆكۈم قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ زاتىغا، سۈپەتلىرىگە، پەيغەمبەرلەرگە، ۋەھيىگە، ئاخىرەت كۈنىگە دائىر ئەقىدىلەرنى پەقەت «قۇرئان كەرىم» بېكىتكەن. ھەدىس بولسا بىز يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن دىنىي ئەھكاملارنىڭ كونكرېت مەنبەسى بولۇپ، يالغۇز ھەدىس بىلەنلا ئەقىدىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

2) «قۇرئان كەرىم»نى خاتىرىلەشكە، كۆچۈرۈشكە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەخسۇس كاتىپلارنى بېكىتكەن. ئاندىن كاتىپلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەر ەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە قۇرئاننىڭ سۈرە ە ئايەتلىرىنى رەتلەپ چىققان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قۇرئان بىلەن ھەدىسلەر ئارىلىشىپ كەتمىسۇن دەپ ساھابىلارنى ھەدىسلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ، رەسمىي خاتىرىگە ئېلىشىدىن توسقان.

3) «قۇرئان كەرىم» بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر نۇرغۇن كىشىلەر تەرىپىدىن يادلىنىپ ۋە يېزىق ئارقىلىق خاتىرىلىنىپ يېتىپ كەلگەن. يەنى «قۇرئان كەرىم» تەۋاتۇر (نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن ئۈزلۈكسىز بايان قىلىنىپ، ئۇلىشىپ، ئەينەن يەتكۈزۈلۈش) دەرىجىسىگە يەتكەن. ھەدىسنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئايرىم ئادەملەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىپ ۋە ئۆلىمالارنىڭ ئىنچىكە تاللىشى، تەكشۈرۈشى، سەھىھلىرىنى ئايرىشى ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. پەقەت ئاز ساندىكى ھەدىسلەرلا نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنىپ، تەۋاتۇر دەرىجىسىگە يەتكەن.

4) «قۇرئان كەرىم» لەفزى(سۆزلىرى)، مەزمۇنى، تەرتىپى، ئۇسلۇبى، تۈزۈلۈشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق نازىل قىلىنغان بولسا، ھېچقانداق ئۆزگەرتىشتىن خالىي ھالدا شۇ پېتى بىزگە يېتىپ كەلگەن. ھالبۇكى ھەدىس سۆزمۇ سۆز بويىچە ئەمەس، مەزمۇنەن يەتكۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنغان.

5) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قۇرئاننىڭ بىرەر ھەرپى ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇراجىئەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا شەرھلەش، تەپسىلىي بايان قىلىش بىلەن توغرا ھۆكۈم چىقىراتتى. ئەمما ساھابىلار ئارىسىدىكى چۈشىنىش جەھەتتىكى ئىختىلاپ ۋە ھۆكۈم چىقىرىشتەك ھادىسە ھەدىسلەردە كۆرۈلمىگەن.

ئېنىقكى، ھەدىس بولسا ۋەھيي ئىلاھىدۇر. «قۇرئان كەرىم»دە: ” **ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ**“ {سۈرە«نەجم»(53-سۈرە)، 3-، 4-ئايەت} دېيىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بەلگىلەشتە «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاشلا دەلىل بولالايدۇ. ھەدىسكە ئەگىشىش ۋە ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ساھابىلەر ۋە تابىئىنلار زامانىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بىر بۆلۈك ئېزىپ كەتكەن بىدئەتچىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا مۇسۇلمانلار ئاممىسى بۇ نۇقتىدا ئورتاق پىكىردىدۇر. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە دەۋەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنىڭ ئاللاھقا ئەگىشىش بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ” **كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ**“ {سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 80-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇغانلىرىنى قىلىش ۋە چەكلىگەنلىرىدىن يېنىشنىڭ لازىملىقى بايان قىلىنىپ قۇرئاندا مۇنداق دېيىلىدۇ: ”**پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار**“ {سۈرە«ھەشر»(59-سۈرە)، 7-ئايەت}.

نۇرغۇن ئايەتلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىش ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىشقا ياندىشىپ كېلىدۇ. ”**سىلەرگە رەھمەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار**“ {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 132-ئايەت}. ”**ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار**“ {سۈرە«ئەنفال»(8-سۈرە)، 20-ئايەت}. «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ”**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ**“ {سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)، 31-ئايەت}.

ھەسەن بەسرى: ”بۇ ئايەت ئاللاھنى سۆيۈشنى دەۋا قىلغان بىر قەۋم ھەققىدە نازىل بولغان، چۈنكى ئاللاھنى سۆيۈشنى دەۋا قىلغانلار دەۋايىدا راستچىلمۇ- يوق؟ دېگەن مەسىلىدە سىناقتىن ئۆتۈشى كېرەك“ دەيدۇ. ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىگە ئەمەل قىلماي، رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلسا، قىلغان دەۋاسىدا راستچىل

بولمىغان بولىدۇ. چۈنكى ھەقىقىي مۇھەببەت سۆيگىنىگە ئىتائەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. مۆمىن ئادەم ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش بىلەن ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە مەغپىرىتىگە ئېرىشىشتىنمۇ چوڭ خۇشاللىق بولامدۇ؟

ئەھلى تەسەۋۋۇپنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى: ''سېنىڭ ئاللاھنى سۆيۈشۈڭنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ ھەممىدىن بىھاجەتتۇر. ھەممىدىن مۇھىمى ئاللاھنىڭ سېنى سۆيۈشىدۇر. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكىنىڭدە چوڭ بەختكە ئېرىشكەن بولىسەن. ئاللاھ سېنىڭ ئىگەڭ ۋە مەددەتكارىڭ بولىدۇ'' دېگەن.

رەسۇلۇللاھنى ھەقىقىي دوست تۇتىدىغان بەزى ساھابىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقتىن ، بىز ئۇنى جەننەتتە كۆرەلمەسمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەشتى. ئۇلار بىئارام بولۇپ رەسۇلۇللاھنىڭ يۈزىنى كۆرۈپ قېنىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ گەرچە رەسۇلۇللاھ بىلەن جەننەت دەرىجىلىرىدە پەرقى بولسىمۇ، يەنىلا رەسۇلۇللاھنى جەننەتتە كۆرەلەيدىغانلىقلىرى بىلەن بېشارەت بېرىپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: **''كىمكى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار(ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلەر)، شېھىتلەر ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ. ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار''** {سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 69-ئايەت}. بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىدىن قارىغاندا ''كىمكى ئاللاھنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى سۆيىدىكەن... ''دېيىلىشنى تەقەززا قىلسىمۇ، ''سۆيۈش'' سۆزىنىڭ ئورنىغا ''ئىتائەت قىلىش'' دېگەن سۆزنىڭ قويۇلۇشى ئىتائەتسىز سۆيۈشنىڭ بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن ئىتائەت قىلىش بولغاندا ئاندىن سۆيگۈچى سۆيگىنى بىلەن بىللە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ '' **كىشى سۆيگەن ئادىمى بىلەن بولىدۇ''** دېگەن سۆزىمۇ مۇشۇ مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىنى سۆيۈشى بەندىنىڭ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشى دەپ ئىزاھلىنىدۇ. پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەرنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكۈچى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **'' كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ''.** ''مۇھەممەدكە ئىتائەت قىلغان ئادەم ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، كىمكى مۇھەممەدكە ئاسىيلىق قىلىدىكەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. مۇھەممەد بولسا دەۋزىخىلەر بىلەن جەننىتىلەرنى ئايرىپ بەرگۈچىدۇر'' دېگەن سۆزلىرى يۇقىرىقى نۇقتىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«سەھىھۇلبۇخارى»دا رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: **'' ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىكى باش تارتقانلاردىن باشقا ھەممىسى جەننەتكە كىرىدۇ''** دېگەن. ساھابىلار: ''ئى رەسۇلۇللاھ، كىملەر باش تارتىدۇ؟'' دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ: **''كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ماڭا ئاسىيلىق قىلىدىكەن، ئۇ باش تارتقان بولىدۇ''** دېگەن. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە پەيغەمبەرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەر دەتالاش قىلغان مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **'' ( ئى مۇھەممەد!) بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) پەقەت سېنىڭ كىشىلەرگە ئۇلار(دىنىدىكى) دەتالاش قىلىشقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىڭ ئۈچۈن، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋمگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولسۇن ئۈچۈنلا نازىل قىلدۇق''** {سۈرە«نەھل»(16-سۈرە)، 64-ئايەت}. **''(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار( يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغىچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ''** {سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 65-ئايەت}.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇنۇ ئايىتىدە كىشىلەرگە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىدىغان رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى ھېكمەت دەپ ئاتالغان. **''ئاللاھ مۆمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى، ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى''** {سۈرە«ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 164-ئايەت}. بۇ ئايەتتىكى **''ھېكمەت''** دېگەن سۆزنى كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا بىلدۈرگەن ئۆز دىنىنىڭ سىرلىرى، شەرىئەت ئەھكاملىرى يەنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى دەپ قارايدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ ئايەتتە

ھەدىس سۆزىنى ئۆزىنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان سۆزىگە يانداپ كەلتۈرۈشىدىن ئىسلام شەرىئىتىدە سۈننەتنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى چىقىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە مۇشەررەپ بولغان ھۆرمەتلىك ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بويىچە ئىش قىلىشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىغان. ئۇلار ھەممە ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئىش قىلسا ۋە نېمە ئىشنى تەرك قىلسا، سەۋەبىنى سوراپ يۈرمەستىن، شۇ بويىچە قىلغان. «سەھىھۇلبۇخارى»دا ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋالغان. بۇنى كۆرگەن ساھابىلارمۇ قوللىرىغا ئالتۇن ئۈزۈك سېلىۋېلىشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتۇن ئۈزۈكنى" ھەرگىزمۇ سالمايمەن" دەپ تاشلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەرمۇ قوللىرىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەن. قازى ئىياز «شىپائ» ناملىق كىتابىدا ئەبۇ سەئىد خۇدرىدىن رىۋايەت قىلىنغان مۇنداق بىر ھەدىسنى نەقىل كەلتۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ناماز ئوقۇۋېتىپ ئىككى كەشىنى سېلىپ سول تەرىپىگە قويۇپ قويغان. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر كەشلىرىنى سېلىپ تاشلاپ قويۇشقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇلاردىن. "نېمىشقا كەشلىرىڭلارنى سېلىۋەتتىڭلار؟" دەپ سورىغان. ئۇلار. "سىزنىڭ كەشىڭىزنى سېلىۋەتكەنلىكىڭىزنى كۆرۈپ بىزمۇ سېلىۋەتتۇق" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا. "جىبرىئىل ماڭا كەشىمگە ناپاك نەرسىلەرنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى خەۋەر قىلغان" دېگەن. ئىبنى سەئىدنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ساھابىلىرى بىلەن ئىككى رەكئەت پېشىن نامىزى ئوقۇغان. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىت ھەرامغا يۈزلىنىشكە بۇيرۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىت ھەرام تەرەپكە يۈزلەنگەن. ساھابىلەرمۇ مەسچىت ھەرام تەرەپكە يۈزلەنگەن. ساھابىلەر ھەتتا دۇنيالىق ئىشلاردىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئۇ جۈمە كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا ۋاقىتتا جۈمەگە كىرىپ كېلىۋېتىپ رەسۇلۇللاھنىڭ "ئولتۇرۇڭلار" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن مەسچىتنىڭ بوسۇغىسىدىلا ئولتۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ. "ئى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد، بۇياققا كەلگىن" دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات چېغىدا ساھابىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى شەرىئەت ھۆكمى دەپ بىلىپ، ئۇنى ئورۇنلاشتا قىلچە ئىككىلەنمەيتتى.

(داۋامى بار)

(ئاپتور. شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى. شەمشىدىن ھاجى)

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ**

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى مەركەزدىكى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقى بىلەن دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى قارىمىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان، تىرازى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇۋاتقان پەسىللىك، ئۇنىۋېرسال ئىسلام ژۇرنىلى. بۇ يىلدىن باشلاپ ژۇرنالنىڭ فورماتى چوڭايتىلغانلىقى، بەت ياساش، باسما ۋە قەغەز سۈپىتى ئۆلگىرىكىدىن كۆركەم ۋە دەۋرىمىزگە مۇناسىپ بولۇۋاتقانلىقى سەۋەبلىك تەننەرخى ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ژۇرنال باھاسى مۇسۇلمانلارنىڭ ئېغىرچىلىقىنى ئاشۇرماسلىق شەرتى ئاستىدا پەقەت 5 مو ئۆستۈرۈلدى. 2005-يىللىق ژۇرنالنىڭ تاق باھاسى 4.50يۈەن، يىللىق باھاسى 18 يۈەن، يىللىق توپلامنىڭ باھاسى ئىلگىرىكىدەكلا 25 يۈەن بولىدۇ. ژۇرنىلىمىز يەنىلا يەرلىك پوچتىخانا، جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى(شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى) ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

دۆلەت ئىچىدىكى پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 167—58، چەتئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى Q1720. مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

**«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايلى

دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق

**ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ ئىتتىپاقلىقى، بەزى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئارقىدا قېلىش مەسىلىسى***

**بىرىنچى، ئىسلام دىنى ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە قارشى تۇرامدۇ؟**

1. ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بار. "**دىندا (ئۇنىڭغا كىرىشكە) زورلاش يوقتۇر**"{سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 256-ئايەت}. شۇڭا، بىر ئادەمنى ئۆز دىنىدىن يېنىپ باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلاشقا بولمايدۇ. ئادەمنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن مەلۇم بىر دىنىنى تاللىشى شۇ ئادەمنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى: " **خالىغان ئادەم ئىمان ئېيتسۇن، خالىغان ئادەم كۇففار بولسۇن**" {سۈرە«كەھف» (18-سۈرە)، 29-ئايەت} دېگەن ئايەتتە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

2. ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە يول قويۇشى ئۇنىڭ باشقا دىنلارنىڭمۇ باراۋەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىنكى تۈنجى شەرىئەت نىزامناسىغا يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە مەدىنىدە يېڭى بىر جەمئىيەت شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ يازغانىدى. ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېروسالىمدىكى خەلققە ئۇلارنىڭ ھاياتى، چېركاۋلىرى ۋە كرېستلىرى ھەرگىزمۇ ئېتىقادى سەۋەبىدىن زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەنىدى.

3. ئىسلام دىنى دىني مەسىلىلەردە ئىلمي يوسۇندا تەھلىل-مۇنازىرە ئېلىپ بېرىشقا يول قويىدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: "**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن**" {سۈرە«نەھل» (16-سۈرە)، 125-ئايەت}. دېمەك، بىز، مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن، بۇ ئايەتتىكى كەڭ قورساقلىق بولۇش پرىنسىپى بويىچە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. «قۇرئان كەرىم» يەنە ئەھلى كىتابلار بىلەنمۇ چىرايلىق رەۋىشتە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىدۇ: "**'ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ئاللاھنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىر خىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى' دېگىن، ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (يەنى بۇنى قوبۇل قىلمىسا): '(ئى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار جامائەسى!) بىزنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزگە گۇۋاھ بولۇڭلار،... دەڭلار**" {سۈرە«ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 64-ئايەت}. بۇ ئايەتتىن مەلۇمكى، دىنلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سۆھبەت ناۋادا كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتالمىسا، ھەركىم ئۆزى قانائەت قىلغان دىنغا ئەگىشىپ مېڭىشى كېرەك. بۇ مەزمۇن سۈرە «كافىرون»نىڭ: "**سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزەڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزەم ئۈچۈن**"{سۈرە «كافىرون» (109-سۈرە)، 6-ئايەت} دېگەن ئايىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**ئىككىنچى، ئىسلام دىنىدىكى جىنايى جازالار ھەقىقەتەن رەھىمسىز، ۋەھشىي ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلامدۇ؟**

*باش قىسمى ئۆتكەنكى ساندا

1. ئىسلام دىنى باغرى قاتتىق دىن ئەمەس، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ رەھىمدىللىك، مۇلايىملىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىندۇر، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مۇقىملىقى ۋە تىنچلىقىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، خەلقنىڭ ساغلام، خاتىرجەم، تىنچ تۇرمۇشىغا كېپىللىك قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام دىنى مەلۇم گۇناھنى سادىر قىلغانلارنى جازالىماقچى بولسا، ئالدى بىلەن، تۆۋەندىكى ئىككى پرىنسىپنى ئېتىبارغا ئالىدۇ.

1). بۇ دۇنيادا خاتالاشمايدىغان ئىنسان يوق، شۇڭا مۇسۇلمانلارغا تەۋبە قىلىش ئىشىكى ئېچىپ بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان گۇناھ-مەئسىيەتلىرىگە ھەسرەت-نادامەت قىلىشلىرىغا شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىلىشى لازىم.

2). جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەم ئۆزى، ئائىلىسى ۋە مال-مۈلكى بىلەن تىنچ-خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ تىنچ مۇھىتقا دەخلى-تەرۇز، زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشكە قەتئىي يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

2. ئىسلام دىنى جىنايەتچىلەرنى جازالاشقا ئائىت بولغان بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە جىنايەتنى سادىر قىلغان ئادەمنىڭ گۇناھىدىن شەك تېپىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ دەپئى قىلىۋېتىشكە تىرىشىدۇ ياكى قىلمىشلىرىدىن ھەسرەت-نادامەت قىلىپ، تەۋبە قىلىشى بىلەن ئەپۇ قىلىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا، ئىسلام قازىلىرى ئۆز ۋاقتىدا جىنايەتچىنىڭ ئۆز گۇناھىغا ھەقىقىي تۈردە پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەندە، يۇقىرىقى پرىنسىپ بويىچە گۇناھكارنىڭ جازاسىنى كېمەيتىشكە ئۇرۇنۇپ باققاندى. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ: ‘‘**مۇمكىن بولسا، خاتالاشقان مۇسۇلمانلارنى جازالاشنى ئىمكان قەدەر دەپئى قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلارنىڭ گۇناھىدا زەررىچىلىك شەك تېپىلسىمۇ، ئۇلارنى قويۇۋېتىڭلار، قازىنىڭ خاتا ھالدا ئەپۇ قىلىۋەتكىنى خاتا ھالدا جازالىغىنىدىن ئەۋزەلدۇر**’’ (تىرمىزى ۋە ھاكىم رىۋايەت قىلغان) دېگەنىدى. يۇقىرىقى سەھىھ ھەدىس ئىسلام دىنىنىڭ رەھىمدىل ۋە كەڭ قورساق روھىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

3. زىنا قىلىش گۇناھىنى سادىر قىلغانلارنى جازالاش ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بىر ئىشتۇر، چۈنكى ئىسلام دىنىنىڭ زىنا قىلىش گۇناھىنى سادىر قىلغانلارغا ئىسپات تېپىش توغرىسىدىكى شەرتلىرى ناھايىتى چىڭ بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ بولغىنىغا ئەقەللىسى تۆت كىشىنىڭ نەق مەيداندا كۆرگەنلىكىگە شاھىد بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، دېمەك، بۇنداق شەرتلەرنى تولۇق ھازىرلاپ كېتىش ھەقىقەتەن ئىنتايىن تەسكە توختايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تارىختا زىنا قىلىش گۇناھىنى سادىر قىلغان بىر جۈپ ئەر-ئايال جازالانغان بولۇپ، شۇ قېتىمقى جازا ئەسلى ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشى سەۋەبى بىلەن ئېلىپ بېرىلغانىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ قىلمىشلارنى قىلغانلىقىغا ھېچقانداق شاھىد گۇۋاھلىق بەرمىگەنلىكىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىن يېنىۋېلىشىغا كۆپ تىرىشقانىدى، ئەمما ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ بۇ جازانى ئىجرا قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ ئەمر چۈشۈرگەن. دېمەك، بۇ تۈردىكى جىنايەتنى ئىسپاتلاپ چىقىش ناھايىتى تەس بولغاچقا، ئىسلام تارىخىدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ تۈردىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلغان ئەھۋاللار قايتىدىن سادىر بولۇپ باقمىغان.

4. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن ئاچلىق دەردىدە ئوغرىلىق قىلغان بىرسىنىڭ قولىنى كېسىۋەتمەيدۇ، بەلكى، باشقىلارنىڭ چىنلىق ۋە جاپالىق ئەمگەك بىلەن تاپقان رىزقىغا ئوغرىلىق قىلغانلارنى جازالايدۇ. بۇ تۈردىكى ئوغرىلار جەمئىيەتكە زور يامان تەسىرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھېچقانداق ھېسداشلىققا ئەرزىمەيدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزى باشقىلارغا رەھىم قىلمىغان. ھەرقانداق بىر جەمئىيەت ئۆزىنىڭ تىنچ-ئامانلىقى ئۈچۈن قانۇن-تۈزۈم ئورنىتىپ، جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

ئىسلام ئەللىرى شەرىئەت ئەھكامى بويىچە ئوغرىلىق قىلغانلارنىڭ قولىنى كېسىش جازاسىنى قوللانغىنى ئۈچۈن، بۇ ئەللەردە ئوغرىلىق قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ ھەتتا سودىگەر-تىجارەتچىلەر كۆزەتچىدىن خالىي ھالدا ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى خالىغان يەرگە كەڭكۇشادە قويۇپ قويۇپ، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋېرىدۇ، خەلقنىڭ ئۆي ئىشىكلىرى ئوچۇق تۇرىۋېرىدۇ. ئەمما بۇنىڭغا خىلاپ ھالدا، بەزى جەمئىيەتلەردە كۆپ ئۇچراپ تۇرىدىغان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىشلار شۇ جايدىكى جازا قانۇنىنىڭ يەڭگىل بولۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

5. ئوغرىلىق جىنايىتىنى جازالاشتىكى مەقسەت

جەمئىيەتكە ئادىللىقنى ئېلىپ كېلىش، كەمبەغەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوغرىلىق قىلمىشلارنى توسۇشتىن ئىبارەت. سۆزلەپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇكى، ئىككىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىپىلىك قىلىۋاتقان بىر يىلىدا، ئىسلام ئەللىرىدە ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەنىكەن، شۇ سەۋەبتىن، ھەزرىتى ئۆمەر ئوغرىلىق قىلغانلارنى جازالاش تۈزۈمىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ قويغانىكەن.

ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان بىرىنچى يىلى ئوغرىلىق قىلغانلارنى جازالاشتا ناھايىتى قاتتىق تۇرغانلىقتىن، ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق قىلمىشلار شۇ ۋاقىتلاردا كەمدىن كەم ئۇچرايتتى، مەككىدىن شامغا بېرىپ-كېلىدىغان يولۇچىلار سەپەرنىڭ خەتەرلىرىدىن ئامان ئىدى، ئۇلاردا يولدا بۆرىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ھېچقانداق قورقۇنچ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ خىل تىنچ-خاتىرجەم مۇھىتنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ھەرقانداق بىر ئوغرى ئوغرىلىقنى قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن بۇ ئىشنىڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋىتىنى مىڭلارچە ئويلاپ قوياتتى، چۈنكى، ئۇ بۇنىڭ جازاسىنىڭ ئىنتايىن ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ ۋاقىتلاردا ئوغرىلىق جىنايىتىنى جازالاش تۈزۈمىنىڭ تەتبىقلىنىشى ناھايىتى ئاز ئىدى.

### ئۈچىنچى، ئىسلام دىنى ئىتتىپاقلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بىراق مۇسۇلمانلار نېمە ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشالمايدۇ؟

1. ھازىرقى زاماندىكى ئىسلام ئەللىرى ئۆزئارا جېدەللىشىش، پارچىلىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ، بۇنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. ئەمما بۇ پەقەتلا بىر تارىخىي باسقۇچ بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق بىر مىللەت مۇشۇ تارىخىي باسقۇچ جەريانىدا ئوخشاشلا باشتىن كەچۈرىدۇ،شۇڭا، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى مەڭگۈ مۇشۇ ھالەتتە قېپقالىدۇ، دېيىشكە بولمايدۇ. ياۋروپا دۆلەتلىرى ئۆزئارا جېدەللىشىش ۋە مالىمانچىلىق قىلىشلىرى تۈپەيلىدىن، ئاخىرى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىبارەت مۇقىمسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مۇسۇلمان ئەللىرى كېلەچەكتە ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، مۇسۇلمان جامائەسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن نەتىجىلىك ھەمكارلىشىش سىستېمىسىنى تەسىس قىلالايدۇ.

بۇ جەھەتتە، مۇسۇلمانلار ئاللىبۇرۇن ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان ھەمدە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن، بارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن تەركىب تاپقان ئىسلام ئەللىرى يىغىنى تەشكىلاتى بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر. گەرچە بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۈنۈمى چەكلىك بولسىمۇ، ئەمما بۇ تەشكىلات باشقا ئىسلام تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان ھەمكارلىششنى كۈچەيتىشتە ھەيدەكچىلىك رول ئوينىيالايدۇ. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىسلام تەلىملىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش، باردى-كەلدى قىلىشىش ئىشلىرىنى يېقىن كېلەچەكتە جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل.

2. ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تەلىملىرىدە ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىششنى تەرغىپ قىلىپ، بۆلۈنۈش، زىددىيەتلىشىشكە قارشى تۇرىدۇ. بۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ: **"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 103-ئايەت} دېگەن ئايىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ مۇنداق دېگەن: **"مۆمىنلەر بىر-بىرىگە رەھىمدىل بولۇشتا، بىر بىرى بىلەن دوستلىشىشتا، بىر بىرىگە ياردەمدە بولۇشتا ئىنساننىڭ بىر پۈتۈن بەدىنىگە ئوخشايدۇ، ئىنساننىڭ بىرەر ئەزاسى ئاغرىسا، پۈتۈن بەدەن بىئارام بولىدۇ ۋە قىزىيدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). دېمەك باشقىلارنىڭ ئەلەملىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇش ۋە ئۇنى ئازايتىشقا تىرىشىش، مۇسۇلمان ئۈممىتىنى بىر پۈتۈن بەدەندەك قاراش ئىسلام دىنىنىڭ ئالىيجاناب روھىدۇر. ئىسلام دىنى ئىنسانلاردىكى ئەقىدە بىرلىكىنى قېرىنداشلىق بىرلىكى يۈكسەكلىكىدە قارايدۇ: **"مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر"** {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 10-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارىلارنى بىر ئۈممەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاۋەت-مۇشەققەتتە خۇددى قېرىنداشلاردەك بىر- بىرىگە يار يۆلەكتە بولۇشقان. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»تە ناھايىتى كۆپ بايان قىلىنغان.

3. ھازىرقى زاماندا، مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈشكە سەۋەبچى بولىدىغان بىرمۇنچىلىغان تاشقى ئامىللار بار. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىشىدىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇستەملىكىچىلىكى ئاياغلاشقاندىن كېيىن،

بىر مۇنچىلىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. مەسىلەن، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چېگرا مەسىلىسى بۇنىڭ روشەن مىسالىدۇر. چەتئەل كۈچلىرى "پارچىلاش ئارقىلىق باشقۇرۇش" سىياسىتىنى قوللىنىپ، مۇستەملىكىدە قالغان ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا زىددىيەت پەيدا قىلدى. تېخىمۇ خەتەرلىكى، چەتئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرى بۇ دۆلەتلەرنىڭ بايلىقلىرىنى زورلۇق بىلەن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، ئۇلارنى كەمبەغەللىككە ۋە زاماننىڭ ئارقىدا قېلىشقا ئېلىپ باردى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۇنىڭ زىيىنىنى تارتىپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىسلام ئەللىرى ھازىرغا قەدەر مۇستەملىكىچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن زىيان-زەخمەتنىڭ زەرەرىنى باشتىن كەچۈرمەكتە.

4. مۇسۇلمانلار مۇستەملىكىچىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن مۇشكۈلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا جان-دىلى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش تەلىملىرىگە ئېتىبار بېرەلمەي قالغان. ئەمما ئىسلام ئەللىرى يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى قايتىدىن تېپىشقا، بارلىق ئىسلام ئەللىرىنىڭ خەيرىيىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تىرىشماقتا. ھەر قانداق بىر ئىسلام دۆلىتىدىكى مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقتا قالغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەلەملىرىگە يار-يۆلەكتە بولماقتا ھەمدە ئۇلارنى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى دەپ قارىماقتا. بۇ ئىسلام ئەللىرىنىڭ قايتىدىن ئىتتىپاقلىشىشى ۋە ھەمكارلىشىشى ئۈچۈن بەلگىلىك ئاساس يارىتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى ساھەسىدە ئۆزئارا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە ئامانلىقىغا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

**تۆتىنچى، بەزى ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا ئىسلام دىنى سەۋەبمۇ؟**

1. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، ئىسلام دىنى روناق تېپىپ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە دۇنيادا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ناھايىتى چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان. ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەنگە قوشقان تۆھپىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭغا تارىخ پاكىت بولالايدۇ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىپ كېلىنىۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئىسلام مەدەنىيەت مىراسلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ قەدىمىي مەدەنىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام دۇنياسىدىكى ئاسارە-ئەتىقىلەر ئىسلام سەنئىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىسلام مەدەنىيىتى ئاندىلۇسىيەگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. مىلادىيىنىڭ 12- ۋە 13-ئەسىرىدە ياۋروپادا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش ھەرىكىتى باشلانغان، بۇ ئەسەرلەر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرى بولۇپ، ياۋروپالىقلار كېيىن ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغانىدى.

2. «قۇرئان كەرىم» ئىلىم-بىلىم، ئالىم-ئۆلىمالارنى ناھايىتى يۇقىرى مەرتىۋىدە قارايدۇ، ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ كائىناتقا نەزەر سېلىشىنى، ئاللاھنىڭ مەۋجۇداتلىرىنى كۈزىتىشىنى، زېمىننى نېمە ئۈچۈن ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى چۈشىنىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلىپ چۈشۈرۈپ بەرگەن دەسلەپكى بەش ئايىتى ئۆگىنىش، ئوقۇش ۋە چۈشىنىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن. مۇسۇلمانلار ئۆز ۋاقتىدا بۇ بەش ئايەتنىڭ چوڭقۇر دالالىتىگە دىققىتىنى قوزغاپ، ئىلىم تەھسىل قىلىشنى پەرز يۈكسەكلىكىدە كۆرۈپ ئەمەل قىلغانىدى.

3. بۈگۈنكى كۈندە بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى ئىسلام دىنىغا تېڭىش ئەقىلگە سىغمايدۇ، چۈنكى ئىسلام ھەر خىل شەكىلدىكى چېكىنىشكە قارشى تۇرىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە ئىدراك قىلالمىغاندا، ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ئالەمنىڭ تەرەققىيات قەدىمى بىلەن تەڭ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەي قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئالجىرىيەنىڭ مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى مەرھۇم مالىك ئىبنى نەبى ناھايىتى ئىخلاسلىق بىلەن مۇنداق شەرھلىگەن: "بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىغا ئىسلام دىنى سەۋەبچى بولمايدۇ، بۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تەلىملىرىنى تەرك ئەتكەن ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان مۇسۇلمانلارغا چۈشۈرگەن ھەقلىق جازاسىدۇر". شۇڭا ئىسلام دىنىنىڭ بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

4. ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولىدىغان

بارلىق مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ئىشىكنى كەڭ ئاچىدۇ، ھەمدە داۋاملىق شۇنداق قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئارقىدا قېپقېلىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبنى ئىزدىگەندە، ئىسلامنىڭ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايدۇ. بۇنىڭغا بىرمۇنچىلىغان ئامىللار سەۋەب بولغان بولۇپ، ئۇنى مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىگە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ بولغان. ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلار بەزى ئىچكى ئامىللاردىن باشقا، تاشقى ئامىللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىغىمۇ ئېتىبار بەرمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلغان، ئۇلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىشىگە پايدىلىق بولغان ئاكتىپ ئامىللارنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىشكە سەل قارىغان.

5. ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىسلام دىنىنى بۈگۈنكى كۈندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىدا قېلىشى بىلەن باغلاشقا بولمايدۇ، ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارقىدا قېلىشىنى تارىخنىڭ مەلۇم بىر ئالاھىدە جەريانى دەپ قاراش كېرەك، ئۇ مەڭگۈ ئۆزگەرمەي تۇرىۋەرمەيدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە باھا بەرگەندە، ئادىل، بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ ئىلمىي ئاساستا ھۆكۈم قىلىش كېرەك. تۆھمەت-ئاھانەت، ئىغۋا ۋە بىر تەرەپلىمىلىك قاراشنى ئاساس قىلىپ چىقىرىلغان ھۆكۈمگە ھەقىقانىيلىقتىن ھېچقانداق سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

(ئاپتور:مىسىر دىن-ۋەقفە فوندىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى؛ ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى:ئادىل ھاجى كېرەم؛ تەھرىرلىگۈچى:شەمشىدىن ھاجى)

---

(بېشى 19-بەتتە)

پائالىيەتلىرى بىلەن ئاللاھقا يېقىنچىلىق قىلىمىز دەپ ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن سالىھلارنىڭ قەبرىگاھلىرىغا بېرىپ چاھارپايلارنى قان قىلىشىدىغان ئىشلار بولۇپ، بۇ قىلمىشلار ئەينەن ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەنلىك. بۇنداق قىلمىشلاردىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەلۋەتتە بىزار. مۇشۇ ھەقتە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھنىڭ غەيرى ئۈچۈن زەبھى قىلغان كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!"** (مۇسلىم، نەسائى، ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). يەنە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىيگە ئىبادەت قىلىدىغان ئورۇنلاردا، جاھىلىيەتنىڭ ھېيت-بايراملىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان جايلاردا زەبھى قىلىشتىن چەكلىگەن. مۇشۇ ھەقتە سابىت ئىبنى زەھھاك(ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن)تىن نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئادەم مەدىنە شەھىرىگە يېقىن بولغان بەۋۋانە دېگەن بىر تاغدا زەبھى قىلىشنى نەزىر قىلغاندا رەسۇلىمىز مۇنداق دېگەن: **"ئۇ جايدا ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇت ياكى جاھىلىيەتنىڭ بىرەر ھېيت-بايراملىرى بارمىدى؟"** دېگەندە، ئۇ كىشى: "ياق" دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھ ئۇ كىشىگە: **"قىلغان نەزىرىڭگە ۋاپا قىل، چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن گۇناھ مەئسىيەت ھېسابلىنىدىغان، ئادەم پەرزەنتلىرى ئىگە بولالمىغان نەزىرلەرگە ۋاپا قىلىش يوق"** دېگەن (ئەبۇ داۋۇت رىۋايەت قىلغان). يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئايەت-ھەدىسلەردىن زەبھى بىلەن نەزىرنىڭ نېگىزلىك ماھىيىتى ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن بولۇشىنىڭ بەك مۇھىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

يەنە بۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتنىڭ قورقۇش، ئۈمىد قىلىش، باش ئېگىش، تەۋازۇ قىلىش، ياخشى كۆرۈش ۋە نەپرەتلىنىشتىن ئىبارەت كۆپلىگەن تۈرلىرى بولۇپ مۇشۇ تۈرلەرمۇ چوقۇم ئاللاھ تائالانىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولۇشى تولىمۇ مۇھىم. جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنىڭ ئۆزىنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولۇشىغا، دەرگاھى ھەقتە مەقبۇل بولۇشىغا مۇيەسسەر قىلغاي. ئامىن!

(ئاپتور:ئاقسۇ شەھىرىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى:شەمشىدىن ھاجى)

# بەزى ئىبادەت ئەمەللىرى ھەققىدە

ئابدۇخالىق ئالىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئۆزىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئورتاق ئېلىپ مېڭىپ ئىبادەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئىبادەت دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى" بويسۇنۇش، باش ئېگىش، كەمتەر بولۇش" دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەتتىكى مەنىسى شۇ ئىبادەت قىلغۇچى ئۆزىنىڭ بارلىق ئەمەل - ئىبادەتلىرىنى ئاللاھ تائالاغا خالىس نىيەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدىكى سۆز ھەرىكەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان رەۋىشتە ئېلىپ بېرىش دېمەكلىكتۇر. ئىبادەت ئەمەللەر قوبۇل بولىدىغان يۇقىرىقى شەرتلەر مۇئەييەنلەشمىسە ئۇ كىشىنىڭ قىلغان پائالىيەتلىرى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا ئەسلا مەقبۇل بولمايدۇ.

ئىبادەتنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ شۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تائالا ئۈچۈن تەسەررۇپ قىلىش ۋاجىب. ئەگەر ھەر قانداق بىر شەخس شۇ ئىبادەت ئەمەللىرىدىن بىرەر ئىشنى ئاللاھ تائالانىڭ غەيرى ئۈچۈن تەسەررۇپ قىلىدىكەن، ئۇ كىشى مۇشرىك ۋە كۇفرىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ. تۆۋەندە بىز شۇ ئىبادەت ئەمەللەرنىڭ بەزىسىنى مىسال تەرىقىسىدە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

1. دۇئا. دۇئانىڭ لۇغەت مەنىسى" چاقىرماق، دەۋەت قىلماق، تىلىمەك، دۇئا قىلماق" دېگەنلىك بولۇپ، شەرىئەتتىكى مەنىسى شۇ دۇئا قىلغۇچىنىڭ جانابى ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىقنى جەلپ قىلىپ، زەرەرنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن قىلغان تەلەپ، ئارزۇ ئىستەكلىرىدۇر. بۇ دۇئا ئاللاھ تائالا ئۈچۈن خالىس بولۇشى شەرت. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ.

**"پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتتىدۇ: 'ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ'"** {سۈرە «غافىر» (40-سۈرە)، 60-ئايەت}.

**"ئاللاھ (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەر يۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورققان ۋە (رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر"** {سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 56-ئايەت}. دۇئا ھەققىدە رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"دۇئا قىلىش ئۇمۇ ئىبادەت. دۇئا ئىبادەتنىڭ يىلىكى. ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشتىنمۇ كاتتا ئىش بولمايدۇ"** (تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇت، ئەھمەدلەر رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئايەت، ھەدىسلەر شۇنى دەلىللەپ بېرىدۇكى، دۇئا قىلىش ئىبادەتنىڭ خاس ۋە ئەھمىيەتلىك تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەتنى ئۆزىنىڭ غەيرىيگە دۇئا قىلىشتىن مەنئى قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھنى قويۇپ قىيامەتكىچە دۇئانى ئىجابەت قىلىشقا قادىر بولالمايدىغان بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئادەمدىنمۇ گۇمراھ ئادەم بارمۇ؟ بۇتلار ئۇلارنىڭ دۇئاسىدىن غاپىلدۇر. (قىيامەت كۈنى) ئىنسانلار (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) توپلانغان چاغدا، بۇتلار ئۇلارغا (يەنى بۇتپەرەسلەرگە) دۈشمەن بولىدۇ، ئۇلار تەرىپىدىن ئىبادەت قىلىنغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ"** {سۈرە «ئەھقاف» (46-سۈرە)، 5-، 6-ئايەتلەر}.

بۇ ئايەت ۋە ئۇنىڭ مەنىسىدە كەلگەن باشقا ئايەتلەر، ئاللاھ تائالادىن غەيرىيگە دۇئا قىلىشنىڭ بەك خەتەرلىك

ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن قىسمەن ئورۇنلاردا بەزى كىشىلەرنىڭ بىلىپ ياكى بىلمەي نادانلارچە بەزى قەبرىگاھلارغا بېرىپ، ئۆز خىياللىرىچە: "ئاشۇ قەبرىلەرنىڭ ساھىبى بىزنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىمىزنى ئىجابەت قىلىدۇ، پايدا-مەنپەئەتنى جەلپ قىلىپ، زەرەرنى توسۇپ قالالايدۇ" دەپ خاتا ئېتىقاد قىلىش بىلەن، ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان ئەقىل پاراستىنى بىھۇدە ئىشلارغا تەسەررۇپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ قىلمىشلار، ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇھىم ئىبادەت قىسمى ھېسابلىنىدىغان دۇئاغا تۈپتىن زىت بولۇپ، بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"(ئى مۇھەممەد!) سىلەر ئاللاھتىن باشقا، سىلەرگە پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟ دېگىن. ئاللاھ بولسا (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر"** {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 76-ئايەت}.

2. ئىستىخاسە: ئىستىخاسەنىڭ لۇغەت مەنىسى "ياردەم تىلىمەك، مەدەت تىلىمەك، ئىلتىجا قىلماق" دېگەنلىك بولۇپ، شەرئىيدىكى مەنىسى ئىنسانغا كەلگەن ھەر خىل ھادىسە، جاپا مۇشەققەتلەرنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەشتۇر، ئۇمۇ خۇددى ئاللاھ تائالا (سۈرە «ئەنفال»نىڭ 9-ئايىتىدە) دېگىنىدەك دۇئانىڭ مۇھىم بىر تەركىبى قىسمى ھېسابلىنىدۇ. **"ئۆز ۋاقتىدا (دۇئا قىلىپ) پەرۋەردىگارىڭلاردىن ياردەم تىلىدىڭلار، ئاللاھ: 'سىلەرگە ئارقىمۇ-ئارقا (چۈشىدىغان) مىڭ پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىمەن' دەپ دۇئايىڭلارنى ئىجابەت قىلدى".**

ئىستىخاسە توغرىلىق سەھىھ ھەدىستە مۇنداق بىر ۋەقەلىك بايان قىلىنغان: ئابدۇللا ئىبنى سەلۇل ئىسىملىك بىر مۇناپىق بولۇپ، ئۇ داۋاملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ساھابە ئىكراملارغا ئازار بېرەتتى. ساھابىلەر: "بىز ھەممىمىز بېرىپ مۇشۇ مۇناپىقتىن خالاس بولۇشقا رەسۇلۇللاھتىن ياردەم، مەدەت تەلەپ قىلايلى" دېيىشكەندە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **"شەكسىز مەندىن مەدەت تەلەپ قىلىنمايدۇ، بەلكى ئاللاھ تائالادىن مەدەت تەلەپ قىلىنىدۇ"** (تىبرانى، ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

ھەقىقەتەن مۇشۇ ھەدىس ئاللاھ تائالانىڭ غەيرىيدىن مەدەت تىلەش، ئىلتىجا قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە ئىكراملارنى ئاشۇ مۇناپىقنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن خالاس تاپقۇزۇشقا قادىر ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ئاشۇ خىل قىلمىشنى قەتئىي توسۇش ئۈچۈن ساھابە ئىكراملارنىڭ رەسۇلۇللاھتىن مەدەت تىلەش تەشەببۇسىنى ئىنكار قىلدى. بىز يۇقىرىقى بايانلاردىن ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك ھاۋادىساتلارنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى ھەق تائالانىڭ غەيرىيگە ئىلتىجا قىلىشنىڭ قەتئىي دۇرۇس ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز.

3. زەبھى ۋە نەھرى: زەبھىنىڭ لۇغەت مەنىسى "زەبھى قىلىش، ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاش" دېگەندەك مەنالارغا ئىگە. نەھرىنىڭ لۇغەت مەنىسى " كۆكرەك بىلەن گالنىڭ ئارىلىقى بولۇپ، بۇنىڭدا كالا بىلەن تۆگىنى ئۆلتۈرۈش، بوغۇزلاش" دېگەنلىكتۇر. ئۇ ئىككىسىنىڭ شەرئىيدىكى مەنىسى ئاللاھ تائالا ھالال قىلىپ بەرگەن قوي، كالا، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنى ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش جەھەتتىن ئاللاھ يولىدا بوغۇزلاپ قان ئېقىتىش ۋە قۇربانلىق قىلىش دېگەنلىكتۇر. بۇمۇ ئىبادەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولۇپ، ئىبادەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى بولغان مۇشۇ ئەمەللەرنى قىلىشتا، شۇ ئەمەلنىڭ خالىس بولۇشىنى جانابى ئاللاھ ئالاھىدە تەكىتلەپ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **"(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، 'مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز ئاللاھقىلا خالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن'** "{سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 162-، 163-ئايەتلەر}. **"بىز ساڭا ھەقىقەتەن نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلدۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن. ھەقىقەتەن سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ نام-نىشانى قالمايدۇ"** {سۈرە «كەۋسەر» (108-سۈرە)، 1—3-ئايەتلەر}. يۇقىرىقى ئايەتلەردە شۇ ئىبادەت ئەمەلنىڭ قايسى رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن. بىراق بىزنىڭ بىر قانچە ئەسىرنىڭ مابەينىدىكى تارىخىمىزدا ياكى ھازىرقى ئۈچۈر دەۋرىدە بىزنىڭ مۇشۇ دىيارىمىزدا بولمىسۇن ياكى باشقا ئەللەردە بولمىسۇن كۆپلىگەن كىشىلەر مۇشۇ ئەمەلى ئىبادەتلەرنى قىلىش جەريانىدا شېرىككە يېتىدىغان پائالىيەتلەرنى قىلىپ، ئازغۇنلۇق پاتقىقىغا پېتىشقان ۋە پېتىشماقتا. بۇنىڭ تىپىك مىسالى شۇكى، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ

(ئاخىرى 17-بەتتە)

# ئىسلام دىنى ھەر قانداق ئىشتا نىيەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ

ئابدۇرەھمان ئابدۇلكەبىر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى ئاللاھ بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن ئەتراپىدىكى شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى- تاشقى مۇناسىۋەتدارلىقنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش مەقسىتى قىلىدىغان بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئاخىرقى نىشانىنى ''ئاللاھنىڭ رىزالىقنى ئىزدەشتىن ئىبارەت'' دەپ بېكىتكەن.

بىزنىڭ شاھادەت ئېيتىشىمىز، ناماز ئوقۇشىمىز، زاكات بېرىشىمىز، روزا تۇتۇشىمىز، ھەج تاۋاپ قىلىشىمىز، ئىلىم ئۆگىنىشىمىز، سەدىقە قىلىشىمىز، يول ياسىشىمىز، كۆۋرۈك سالدۇرۇشىمىز، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى قۇرۇپ يېتىم-يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز، زاۋۇت، كان- كارخانىلارنى قۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز، پەن- تېخنىكا، مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشىمىز، ئاتا- ئانىلارنىڭ ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ، پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئائىلىرىمىزنىڭ ھوقۇق- مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق تونۇتۇپ توغرا يېتەكلەپ مېڭىشىمىز، ئۇرۇق- تۇغقان، قولۇم- قوشنىلارنىڭ تۇرمۇشىغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ساۋاقداشلار- خىزمەتداشلار ئارا ئېجىل-ئىناق ئۆتۈشىمىز، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىشىمىز، ئۆزىمىزنى روھى ۋە ماددىي جەھەتتىن ياخشى تەربىيىلەپ، ئۆزىمىزنىڭ روھ ۋە تەن ساپايىمىزنى ئۈستۈرۈپ، جەمئىيەت ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشىمىز، قەلەم تەۋرىتىپ نەشر ئەپكارلار ئارقىلىق خەلقنى تەربىيىلىشىمىز...قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى خالىس ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا بولىدىكەن شەكسىز ئىبادەتتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: **''ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى''** {سۈرە «بەييىنە» (98-سۈرە)، 5-ئايەت}. بەزىلەر ''مۇشۇ ئىشلارنىمۇ ئىبادەت دەيدىغاندىمۇ؟'' دەپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى كۆپ قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئېڭىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى پەقەت ''ئۆلگەندىن كېيىن تۆپىراق بېشىغا چىقىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ قويۇش''، ''ناماز ئوقۇش''، ''زاكات بېرىش''، ''رامىزان روزىسى تۇتۇش''، ''ھەج تاۋاپ قىلىش''نىلا ئىبادەت دەپ چۈشىنىدۇ. نەزەر دائىرىسى كەڭرەكلىرى ''نىكاھ ئوقۇش''، ''بالىسى تۇغۇلسا ئىسىم قويۇش''نىمۇ ئىبادەت دەپ چۈشىنىشى مۇمكىن. ئەمما ئارىمىزدا ئۆزىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى كىشىلىك ئەخلاقى- پەزىلەت، دۇنيا قاراش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىجتىمائىي تەرتىپ دېگەنلەر بىلەن مۇناسىۋىتى بار- يوقلۇقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقىدىغان مۇسۇلمانلىرىمىز بەك ئاز. بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ قويۇش زۆرۈركى، ئىسلام دىنى ئەقىدە ۋە ئىبادەت ئىشلىرىدىن باشقا، كىشىلەرنىڭ روھى كەيپىياتى، كىشىلىك دۇنيا قارىشى، غايىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى قاتارلىقلارنى تەرتىپكە سالىدىغان ئىجتىمائىلىق ۋە ئەقىدىۋىلىككە ئىگە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىلاھى پىرىنسىپتۇر.

ئىبادەت مەسىلىسىگە كەلسەك، ئىبادەت بەزى كىشىلەرنىڭ قارىشىدىكى چەكلىك سورۇن ۋە چەكلىك ۋاقىتتىلا ئېلىپ بېرىلىدىغان مەخسۇس پائالىيەتتىنلا ئىبارەت بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، مەدەنىي ئىزدىنىشى ھەم كائىنات، ئاللاھ، ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇش ئارقىلىق توغرا ئېلىپ بارغان بارلىق ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ''ئىبادەت'' دېگەن بۇ سۆز ئەرەبچە '' عبادة '' دەپ يېزىلىدۇ ۋە ''باش ئەگمەك، بوي سۇنماق، قۇلچىلىق قىلماق'' دېگەندەك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئەنە شۇ سۆزدىن ياسالغان '' عبد '' دېگەن ئىسىم ''قۇل'' دېگەنلىك بولۇپ، پۈتۈنلەي باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتۈپ كەتكەن، بارلىق ئىشلارنى خوجايىنىنىڭ رازىلىقى ئاستىدا قىلىدىغان ئادەمگە قارىتىلغان. ''ئىبادەت'' دېگەن بۇ

سۆز دىنى ئاتالغۇدا تىرەن، چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ يەردىكى ''عبد '' يەنى ''قۇل '' ئاللاھنىڭ قۇلى، ئاللاھنىڭ بەندىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر مەئبۇدقا چوقۇنمايدىغان، پۈتكۈل پىكىر-خىياللىرى، بارلىق پائالىيەتلىرىدە ئاللاھنىڭلا رىزالىقىنى كۆزلەيدىغان، ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا لايىق كىشى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. **"مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ (ياخشى كۆرىدىغان) بەندىلىرى زېمىندا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ تەمكىنلىك بىلەن ماڭىدۇ، نادانلار ئۇلارغا (ياقتۇرمايدىغان) سۆز قىلسا، ئۇلار: 'سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمىز' دەيدۇ (يەنى گۇناھ بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ)"** {سۈرە «فۇرقان» (25-سۈرە)، 63- ئايەت}. بۇ ئايەت يۇقىرىدىكى نۇقتىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر بەندىلەرنىڭ ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىنغان بارلىق پائالىيەتلىرى ئىبادەت بولمايدىكەن، بەزى كىشىلەر دېگەندەك خاس ئورۇندىلا چەكلىنىپ قالىدىكەن، ئۇنداقتا ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى يارىتىشتىكى مەقسىتى قانداق ئورۇندىلىدۇ؟ ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم"** {سۈرە «زارىيات» (51-سۈرە)، 56- ئايەت}.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىبادەت قىلىش بەندىنىڭ تۈپ مەجبۇرىيىتى. بىز بۇنىڭسىز ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايمىز. ئەمما ئەنە شۇ ئىبادەتنى ھەقىقىي مەنىگە ئىگە قىلىدىغان تۈپ ئامىل نىيەتنىڭ ساپ بولۇشىدىن ئىبارەت.

1. نىيەت بارلىق ئەمەللەرنىڭ ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا مەقبۇل بولۇش-بولماسلىقىدىكى تۈپ ئامىل بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندىلەردىكى تەلىپى ئۇلارنىڭ سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك قىياپىتى بولماستىن، بەلكى ساغلام قەلبىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى مېھرىبان ئاللاھنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قورقسا ۋە تەۋبە قىلغۇچى قەلب بىلەن كەلسە، (ئۇلارغا) 'جەننەتكە ئامانلىق بىلەن كىرىڭلار، بۇ مەڭگۈ قېلىش كۈنىدۇر' (دېيىلىدۇ)"** {سۈرە «قاف» (50-سۈرە)، 33-، 34- ئايەتلەر}. قورقۇش ھەم تەۋبە قىلىش قەلبنى پاك-پاكىز تازىلىغاندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئېنىقكى، قەلبنى تازىلاش نىيەتنى تۈز ھەم ساپ تۇتۇش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا) پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزىلىدۇ"** {سۈرە «شۇئەرا» (26-سۈرە)، 88-، 89- ئايەتلەر}. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: **"ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەت سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر"** {سۈرە «ھەج» (22-سۈرە)، 37- ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: **''ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ قەددى-قامىتىڭلارغا قارىمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ قەلبىڭلارغا قارايدۇ''** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان). **''ھەقىقەتەنمۇ ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ.** كىشىنىڭ ئېرىشىدىغىنى نىيەت قىلغان نەرسىسىدۇر...'' (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). بىز يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەردىن ئەگەر بىزدە دۇرۇس نىيەتلا بولسا، قىلغان ئىبادەتلىرىمىز مەقبۇل بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

2. دۇرۇس نىيەت ئۆرپ-ئادەت چاغلىق ئىشلارنى ئىبادەت، ئىسلام شەرىئىتى يولغا قويغان مۇباھ ئىشلارنى ئىتائەت، ھەتتا شەھۋەتنىمۇ ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەشتىكى بىر ۋاستە قىلىۋېتىدۇ. مەسىلەن: ئات بېقىش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بىر ئىش، ئەمما بىر ئادەم ئۇنى بېقىشتا نىيەتنى دۇرۇس قىلىپ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن باققان بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ئاللاھ ئۇنىڭغا ساۋاب بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **''ئات ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. 1- رەھمان تائالا ئۈچۈن؛ 2- ئىنسان ئۈچۈن؛ 3- شەيتان ئۈچۈن''** (ئەھمەد رىۋايەت قىلغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: **''ئاللاھ تائالاغا ئېيتىلغان ھەر بىر تەسبىھ، ھەر بىر تەھلىل، ھەر بىر ھەمدۇ-سانا، ھەر بىر تەكبىر سەدىقىدۇر ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش، يامان ئىشلاردىن توسۇش سەدىقىدۇر. ھەتتا سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلارغا يېقىنچىلىق قىلىشىڭلارمۇ سەدىقىدۇر''** مۇشۇنى دېگەندە، ساھابىلەر: ''ئەي رەسۇلۇللاھ، بىز ئۆزىمىزنىڭ جىنسىي ھەۋىسىمىزنى قاندۇرغانلىقىمىز ئۈچۈنمۇ ساۋاب بېرىلەمدۇ؟'' دەپ ئەجەبلەنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **''ئېيتىڭلارچۇ؟ ئەگەر سىلەر جىنسىي ھەۋىسىڭلارنى ھارامدىن قاندۇرساڭلار گۇناھ بولامدۇ؟ (ئەلۋەتتە گۇناھ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟) خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش سىلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىڭلارنى ھالالدىن قاندۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە ساۋاب بېرىلىدۇ''** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

3. بۇزۇق نىيەت ئاللاھ تائالا يولىدا قىلىنغان ھەر قانداق تائەت-ئىبادەتنىڭ ئاللاھ نەزىرىدىكى قىممىتىنى يەنى ساۋابىنى يوق قىلىۋېتىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"شۇنداق ناماز ئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ. نامازنى رىيا بىلەن**

**ئوقۇيدۇ"** {سۈرە «مائۇن» (107-سۈرە)، 4-، 5-، 6-ئايەتلەر}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەت بىلەن بولىدۇ. ھەر قانداق ئادەم ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن بولىدۇ. ھەر قانداق ئادەم مال- دۇنيا ئۈچۈن ياكى ئايالغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھىجرىتى كۆزلىگەن نەرسىسى ئۈچۈن بولىدۇ"** (بىرلىككە كەلگەن ھەدىس). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە ئۈچ تۈرلۈك رىياخورنىڭ قىيامەت كۈنى تۇنجى قىلىپ دوزاخقا تۇتۇرۇق قىلىنىدىغانلىقىنى، بۇلارنىڭ "رىياخور قارى، پۇل- مېلىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغۇچى، رىياخور مۇجاھىد"تىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان (ئىمام تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

4. نىيەت دۇرۇس بولىدىكەن، گەرچە ئۇ نىيەتكە ئەمەل قىلىپ بولالمىغان تەقدىردىمۇ، ئەنە شۇ نىيەتكە ئاللاھ يېتەرلىك ساۋاب بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"كىمكى ئۆيىدىن ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ئاللاھ بېرىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 100- ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"بىز چىققىر يوللاردا ۋە ۋادىلاردا بولمايلى مەدىنىدە قېلىپ (بىز بىلەن چىقالمىغانلار) بىز بىلەن بىرگىدۇر(يەنى ئۇلارغىمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئەجىر بېرىلىدۇ). ئۇلارنى ئۆزرە توسۇپ قالدى..."** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان) (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن بىر قېتىملىق يۈرۈش قىلماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەممە ساھابىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چىقىش قارارىغا كەلگەن بولسىمۇ، بىر قىسىم ساھابىلەر مەلۇم ئۆزرە سەۋەبىدىن چىقالماي قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئەنە شۇلار بىز بىلەن بىرگە چىقالماي قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن بىرگە چىقىش نىيىتى بولغانلىقتىن ساۋاب ئۇلارغىمۇ بىزگە ئوخشاشلا بېرىلىدۇ، دېگەن).

5. دۇرۇس نىيەتنىڭ بەرىكىتى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇنىڭ تەسىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئورتاق بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىس شەرىفتە مۇنداق دېگەن: **"ھەرقانداق ئادەم باشقىلاردىن ‹چوقۇم قايتۇرىمەن› دېگەن نىيەتتە قەرز ئالغان بولسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قەرزىنى ئادا قىلىشىغا ياردەم قىلىدۇ"** (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

6. ياخشى نىيەتنىڭ نەتىجىسى دۇنيادىمۇ ياخشى تاماملىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **"ئەگەر ئەر- خوتۇن ئىككىيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار. ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر- خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 35-ئايەت}.

دېمەك يۇقىرىقى ئايەت- ھەدىسلەردىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئېتىقادى تەسەۋۋۇرىنىڭ تۈپ مەنبەسى بولغان قۇرئان- ھەدىسنى تۇتقا قىلىپ، ئىدىيە ئازادلىقى ئېلىپ بېرىشنى ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا، باشقا ئەمەللەرنىڭ ھەممىسنى ئىدىيە ئازادلىقىنىڭ نەتىجىسى ئورنىغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن فىقھى ئالىملىرىدىن ئىمام شافىئى ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئىبادەت بولۇشى ئۈچۈن نىيەت پەرز دەپ قارايدۇ. كىشىلەرنىڭ نىيىتى خالىس بولسىلا ئۇلارنىڭ شەخسى تۇرمۇشى ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ساپ ئىجتىمائىي ئالاقىسىنىڭ نورمال تەرەققى قىلىشى، ئاخىرىدا ئىسلامىي ئاڭغا ئىگە بىر جامائەتنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئانچە قىيىنغا توختىمايدۇ. شۇندىلا كىشىلەر ئىسلام ئېتىقادى تەسەۋۋۇرى ئاستىدا گەۋدىلەنگەن ئاللاھ، ئىنسان ۋە كائىنات ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئەڭ ئادىل بىر تەرەپ قىلغان ئىلاھى پرىنسىپنىڭ يارقىن نامايەندىسىنى كۆرەلەيدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىككى، نىيەت توغرا ھەم دۇرۇس بولسىلا ئەمەلنىڭ ھەممىسى نەتىجىلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن:

1) ياخشى نىيەت گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى ۋە ھارام نەرسىلەرنى ھالالغا ئايلاندۇرالمايدۇ. ئىسلام دىنى غايىنىڭ شان- شەرىپى ۋە ئۇ غايىگە يەتكۈزىدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ قەدىر- قىممىتىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. ھەقىقەت مەنزىلىگە باتىل يول بىلەن يېتىشكە قارشى تۇرىدۇ.

2) ئاللاھ بەلگىلىمىگەن ئەقىدە، ئىبادەت يوللىرى، مەيلى ئۇ قانداق ياخشى نىيەت، ئارزۇ- تىلەكلەرنى كۆزلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، مەقبۇل ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ھەر قانداق ئادەم بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىز (ئىسلام دىنىمىز)دا يوق نەرسىنى پەيدا قىلىدىكەن ئۇ رەت قىلىنىدۇ"** (مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

(ئاپتور : شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# قۇلۇم-قوشنىلارنىڭ بىر-بىرىدىكى ھەقلىرى

ئابدۇللا مامۇت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنىمىزدا قۇلۇم-قوشنىلار بىر-بىرى بىلەن ئىناق ۋە سەمىمىي ئۆتۈشكە بۇيرۇلغان. قۇلۇم-قوشنىلارنىڭ بىر-بىرىدىكى ھەققىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەپ ئاللاھ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: " **ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، يانىڭىزدىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ** "{سۈرە «نىسا»(4-سۈرە)، 36-ئايەت} رەسۇلۇللاھ: " **ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئادەم قوشنىسىنى ھۆرمەت قىلسۇن**" دېگەن (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى). يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: " **ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان ئادەم قوشنىسىغا ئازار بەرمىسۇن**" (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن.

يۇقىرىقى ئايەت، ھەدىستىن قۇلۇم-قوشنىلارنىڭ بىر-بىرىدىكى ھەقلىرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇڭا بىز ھەر جەھەتتىكى قۇلۇم-قوشنىلىرىمىز بىلەن ئىناق ۋە سەمىمىي ئۆتۈشىمىز، ئەپ ئەمەس قۇلۇم-قوشنىلارنى بىر-بىرى بىلەن ياراشتۇرۇشىمىز ھەم ئۇلارنىڭ ئەپ ئۆتۈشىگە ئەمەلىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئاشۇنداق قىلغىنىمىزمۇ قۇلۇم-قوشنىلىق ھەقلىرىنىڭ بىرى. قۇلۇم-قوشنىلارنى ئەپلەشتۈرۈش ھەققىدە ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: "**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار**" {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 10-ئايەت}.

رەسۇلۇللاھقا بەنى ئەمىر ئىبنى ئەۋفنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يامانلىشىپ قالغانلىق خەۋىرى يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويغىلى ساھابىلار قاتارىدا بىللە چىققان ئىدى. ۋە يەنە رەسۇلۇللاھ: "**ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈشمۇ سەدىقە**" دېگەن (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) يەنە رەسۇلۇللاھ: " **سىلەرگە روزىنىڭ، سەدىقىنىڭ، نامازنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ ئەۋزەلرەك بىرەر ئىش بىلەن خەۋەر قىلايمۇ؟**" دېۋىدى، بىز: " شۇنداق قىلسىلا" دېگەنىدۇق، رەسۇلۇللاھ: "**ئۆز ئىش بولسىمۇ تەتۈر قارىشىپ قالغانلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشتۇر**" دېگەن (تىرمىزى رىۋايىتى).

دېمەك، ئىسلام دىنىمىزدىكى ئاقىلارنىڭ ئەڭ كاتتىلىرىدىن بىرى قوشنىلىق ئاقىسىدۇر. قوشنىلىق ئىنسان بىھاجەت بولالمايدىغان، كەم بولسا بولمايدىغان بىر زۆرۈرىيەت ۋە جەمئىيەت كۆرۈنۈشلىرىدىن بولغان بىر كۆرۈنۈش. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دىنىمىز بۇ ئاقىنى ئۇنىڭ داۋاملىششىنى ساقلاپ، ھەقلىرىنى قوغدايدىغان، قەدىر-قىممىتىنى ۋە ئىززەت-ھۆرمىتىنى كۆتۈرىدىغان گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن تەمىنلەپ، قوشنا ھەقلىرىگە رىئايە قىلىشقا بۇيرۇپ، قوشنىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا، ئۇنىڭ ھەر جەھەتتىكى ھەقلىرىنى قوغداپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلاشقا، ئەيىبىنى يېپىپ قىسمەن ئېغىرچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىشقا ۋە يەنە ئامانەتلىرىگە خىيانەت قىلماسلىققا بۇيرۇغان.

يەنە ئىسلام دىنىمىز بۇ ئاقىنى بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قوشنا ھەقلىرىنى دىن ياكى تەبىقە ئايرىماستىن بارلىق پۇقرالار ئارىسىدا تەشەببۇس قىلىنىدىغان ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ بىر قىسمى قىلدى ۋە بۇ ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشتا ھەر قانداق قوشنىلار باباراۋەر دەپ قارىغاچقا رەسۇلۇللاھ مەككىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يامان دۈشمەنلىرىدىن بولغان يامان قوشنىلىرى ئارقىلىق سىنالغان چاغلىرىدا قوشنا ھەقلىرىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا ئازار بېرەتتى، رەسۇلۇللاھنىڭ ئىشىكى ئالدىغا نىجاسەتلەرنى ۋە تىكەنلىك

دەرەخلەرنى تاشلاپ ئۆيگە ئۆتىدىغان يولىنىمۇ توسۇپ قوياتتى. ئۇلار يەنە تەپ تارتماستىن رەسۇلۇللاھنىڭ سەجدە قىلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ سويۇلغان تۆگىنىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەن ژىنلىرىنى رەسۇلۇللاھنىڭ دۈمبىسىگە تاشلاپ قويغان، رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى پاتىمە كېلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈستىدىكى نىجاسەتلەرنى ئېلىۋېتىپ يىغلىغاندا، رەسۇلۇللاھ پاتىمەگە: ''ئى قىزىم يىغلىماڭ، دادىڭىزنى ئاللاھ ساقلايدۇ'' دەپ تەسەللىي بەرگەندى. رەسۇلۇللاھ قوشنىلارنىڭ يوقىرىقىدەك ئازارلىرىغا سەۋر قىلىپ، ئۇلارغا كەڭ قوللۇق، خۇشخۇي مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھقا قاتتىق ئازار قىلغان ۋاقىتلاردا، رەسۇلۇللاھ: ''ئى ئابدۇلمناپ باللىرى! بۇ قانداق قوشنىدارچىلىق!'' دەپ كېتەتتى ۋە بۇ ئەھۋاللارنى داۋاملىق جىبرىئىلغا شىكايەت قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ تەكرار-تەكرار شىكايەت قىلغىنىدا، جىبرىئىل رەسۇلۇللاھقا: ''بۇ سىناقلارغا سەۋر قىل، ئۇنى كۆتۈر''دەيتتى. رەسۇلۇللاھ شۇنىڭ بىلەن تەسەللىي تېپىپ قالاتتى. رەسۇلۇللاھ: ''جىبرىئىل ماڭا دائىم قوشنا ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى، ەن ھەتتا قوشنىنى بىر-بىرىگە مىراسخور قىلىپ قويىدىغان وخشايدۇ، دەپ قالاتتىم'' دېگەن(ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

رەسۇلۇللاھ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە يەھۇدىي قوشنىلىرى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتەتتى، ئۇلار بىلەن ئارىلىشاتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشى مۇئامىلە ۋە گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھقا چۈشۈرۈلگەن ھىدايەت نۇرىغا ئەگىشىپ ئىمان ئېيتىشقان ئىدى.

قېرىنداشلار! بىز ھەر جەھەتتىكى قولۇم-قوشنىلىرىمىز بىلەن ئىناق ئۆتۈش، قوشنىغا ئازار بېرىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئەخلاق-پەزىلەتلىرىمىز ئارقىلىق پاسىق قوشنىمىز ۋە يات دىندىكى قوشنىلىرىمىزنىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دىنىمىزغا نىسبەتەن توغرا تونۇش ۋە قىزىقىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشىمىز لازىم. ئىسلام دىنىمىزدىكى ئەڭ ئېغىر جىنايەتلەرنىڭ بىرى قوشنىسىغا ئازار بېرىپ زۇلۇم قىلىشتۇر، كىمكى قوشنىسىغا ئازار بېرىپ زۇلۇم قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ ۋە ئەمەللىرىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن. بىر كۈنى ساھابىلار رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىدا بىر ئايالنىڭ گېپىنى قىلىپ: ''يا رەسۇلۇللاھ، پالانى ئايال كېچىلىرى ناماز ئوقۇيدۇ، كۈندۈزلىرى روزا تۇتىدۇ، لېكىن قوشنىسىغا ئازار بېرىدۇ'' دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ: ''ئۇ ئايالنىڭ نامىزىدىمۇ ۋە روزىسىدىمۇ ھەتتا ئوزىدىمۇ ياخشىلىق يوق، ئۇ ئايال ھەقىقەتەن دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ'' دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى). شۇڭا بىز ئۆزىمىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۈلگە قىلىپ، قىسمەن ناچار ئەخلاقلىرىمىزغا خاتىمە بېرىپ قوشنىلىرىمىز بىلەن ئىناق ئۆتۈشىمىز لازىم. ھەر بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئابرويىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشى قوشنىسىنىڭ ئۇ ئادەمنى ئەخلاقلىق ئادەم ياكى ئەخلاقسىز ئادەم دەپ گۇۋاھلىق بېرىشىگە باغلىقتۇر. بىر ئادەم رەسۇلۇللاھقا: ''يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزۈمنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلغانلىقىنى قانداق بىلىمەن؟'' دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ''ئەگەر سەن قوشناڭدىن سەن ياخشىلىق قىلدىڭ دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، سەن چوقۇم ياخشىلىق قىلغان بولىسەن. ئەگەر سەن ئۇلاردىن سەن چوقۇم يامانلىق قىلدىڭ دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ سەن چوقۇم يامانلىق قىلغان بولىسەن'' دېگەن (ئىبنى ماجە رىۋايىتى).

يەنە ئىسلام دىنىمىز قوشنىلارنىڭ ئىناق، سەممىي ئۆتۈشىنى تەكىتلەپ، قوشنىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقنى ئىمانغا تاجاۋۇز قىلغانلىق دەپ قارايدۇ، بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ: ''ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مۆمىن بولالمايدۇ'' دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندا، ساھابىلەر: ''يا رەسۇلۇللاھ، ئۇ ئادەم كىم؟'' دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: ''ئۇ ئادەم قوشنىسى ئۇ ئادەمنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم'' دېگەن(ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) ۋە يەنە ''قوشنىسى ئۇ ئادەمنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان ئادەم جەننەتكە كىرەلمەيدۇ'' دېگەن (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى). ئىسلام دىنىمىز قوشنا ھەقلىرىنى بۈيۈك ئالىي ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن بايان قىلدى. ئەگەر بىز يۇقىرىقى ئەدەپ-ئەخلاقلارنى ئۆگىنىپ ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرسەك، ئەلۋەتتە قوشنىلار ئارىسىدىكى جېدەل-ماجىرالار تۈگەپ، جەمئىيىتىمىزدە چوڭقۇر دوستلۇق ۋە مۇستەھكەم ئىناقلىق مۇناسىۋەتلىرى بارلىققا كەلگەن بولاتتى. رەسۇلۇللاھ بۇ ھەقتە: ''قوشنىنىڭ ھەققىنى بىلەمسىلەر؟'' دېگەندە، ساھابىلەر: ''ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئالىمراق'' دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ: ''قوشنىنىڭ ھەققى ئەگەر قوشناڭ سەندىن ياردەم سورىسا ياردەم قىل، قەرز سورىسا بەر. ساڭا موھتاج بولۇپ قالسا ئېھتىياجىنى قاندۇر، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلا، ئۆلۈپ كەتسە جىنازىسىغا ئەگەش، ئۆيدە يوق بولۇپ قالسا ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى ساقلا، ئۇنىڭغا ياخشىلىق كەلسە تەبرىكلە، ئۇنىڭغا مۇسىبەت كەلسە قايغۇر ۋە تەسەللىي

بەر، سەپەردىن قايتىپ كەلسە يوقلاپ كىر، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئېگىز بىنا سېلىۋېلىپ ئۇنىڭ شامىلىنى توسىۋالما، ئەگەر گۆش پىشۇرساڭ ئۇنىڭغا يېگۈز، يېگۈزۈشكە قادىر بولالمىساڭ قازىنىڭنىڭ پاراقلىشى بىلەن ئۇنىڭغا ئازار بەرمە، ئەگەر مېۋە سېتىۋالساڭ ئۇنىڭغىمۇ بىر ئاز بەر، بېرەلمەي قالساڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتمەي ئۆيۈڭگە ئېلىپ كىر، بالاڭ ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقمىسۇن، ئېلىپ چىقىپ قالسا قوشناڭنىڭ بالىسى بويۇن قىسىش بىلەن ئازار يەپ قالىدۇ" دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە رەسۇلۇللاھ. "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قوشنا ھەققىنى ئاللاھ رەھمەت قىلغان ئادەملەر تولۇق ئادا قىلالايدۇ" دېگەن (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

قېرىنداشلار! بىز يۇقىرىقى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىپ، قولۇم-قوشنىلىرىمىز بىلەن ئىناق ئۆتۈپ، بىر-بىرىمىزنىڭ پايدىسىغا كۆلۈپ، زىيىنىغا يىغلاپ، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلايلى! ئاللاھ ھەممىمىزنى رەسۇلۇللاھنىڭ "مۇسۇلمانلار بىر (پۈتۈن) تەنگە ئوخشاش بولۇشى كېرەك" دېگەن ھەدىسگە مۇۋاپىق مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنى تېخىمۇ ئىناق جەمئىيەت قىلىپ بەرگەي، ئامىن!

(ئاپتور. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى. شەمشىدىن ھاجى)

## نەپسىگە ھاكىم بولماق

ئەخلاقىي ۋەزىپىلەردىن بىرى نەپسىگە ھاكىم بولۇشتۇر يەنى ئىنساننىڭ ئۆز سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ھاكىم بولۇشى، سۆزىگە، ئىشىغا ئىگە بولۇشىدۇر. نەپسىگە ھاكىم بولغانلار ئىرادىلىرىگىمۇ ئىگە بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھېس-ھاياجانغا تۇتۇلماي، ھەر ئىشتا ئىرادىسىنىڭ ھاكىمىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىدۇ. نەپسىگە ھاكىم بولالمىغانلار بولسا يا پەۋقۇلئاددە ھېسسىياتچان ۋە چۈس مىجەز بولىدۇ ياكى تامامەن يۇمشاقباش ۋە يۇۋاش بولىدۇ. بىرىنچىسى غەزەپ ۋە ئاچچىقنى پەيدا قىلىدۇ، ئىككىنچىسىمۇ ئەيىبلىنىدىغان ناچار خۇلقتۇر. غەزەپ، بەزى ئاقىللارنىڭ دېگىنىدەك، تۈيۈقسىز بىر ساراڭلىقتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا بەس كېلەلمىگەنلەر، ئۇنى يېڭەلمىگەنلەر بەك كۆپ زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئەقىلسىز يۇمشاقباشلىقتا كەلسەك، بۇ ــــ خارلىق ۋە كىشىلىك ھوقۇق(مەسىلىسى) دېمەكلىكتە، كۈچلۈكلەرگە قارشى تۇرۇشتا ئەمەس، ئۆز ھوقۇقىنى قوغداشقىمۇ توسقۇندۇر. ئۇ قەدەر يۇۋاش ۋە يۇمشاقباش بولغان ئىنسانلار دائىم باشقىلارنىڭ بوزەك قىلىش، ھاقارەتلەش نىشانى بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۆزلىرىدە سالماقلىق ۋە شان-شەرەپ دېگەن نەرسە قالمايدۇ. ئۇ ھالدا "نەپسىگە ھاكىم بولۇش پەزىلەت"، غەزەپ ۋە زىيادە يۇۋاش-يۇمشاقلىق بولسا خارلىقتۇر.

جانابى ھەق: "**نەپسى دېگەن ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ...** "{سۈرە «يۈسۈف»(12-سۈرە)، 236-بەت} دەيدۇ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: "**نەپسىنى ھېسابلىق قىلغان ۋە ئۆلۈمدىن كېيىنكىسى(ئاخىرەت) ئۈچۈن تىرىشىدىغان ئادەم ئەقىللىق ئادەمدۇر. دائىم ھاۋايى نەپسىگە ئەگىشىدىغان ۋە ئاللاھتىن (ئۇنى)تاما قىلىدىغان ئادەم يارىماس ئادەمدۇر**" (تىرمىزى رىۋايىتى) دېگەن.

نەپسانىيەت ھېساباتى تۆۋەندىكى سۈپەتلەرگە ماس كېلىدىغان بىر ھەرىكەتتۇر. ئىبنى ئارابى دەيدۇكى: "بۇيۇكلىرىمىز سۆز-ھەرىكەتلىرىنى بىر دەپتەرگە يېزىپ، خۇپتەندىن كېيىن ئۆزىنى ھېسابتىن ئۆتكۈزەتتى. دەپتەرگە قاراپ ئۆزلىرىدىن سادىر بولغان سۆز-ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. بۇلاردىن تەۋبە قىلىشقا تېگىشلىكلىرى ئۈچۈن تەۋبە قىلاتتى، ئىستىغپار كېرەك بولغانلىرى ئۈچۈن ئىستىغپار ئېيتاتتى، شۈكۈر قىلىش لازىم بولغانلىرى ئۈچۈن شۈكۈر قىلاتتى. ئۇلار بۇ ھېسابنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇخلايتتى" («كۇتۇبۇ سىتتە»).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: "**ئى ئاللاھ، سەن بىلەن، پايدىسىز ئىلىمدىن، بوي سۇنماس دىلدىن، تويماس نەپستىن، ئىجابەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن**" (مۇسلىم رىۋايىتى)

(تۈركچىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# «قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىشنىڭ پەزىلىتى

ياقۇپجان ئەزىز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

«قۇرئان كەرىم»نى ئۆگىنىش، ئۆگىتىش، تىلاۋەت قىلىش، مەنىسىنى ئېچىپ بېرىش، «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلىش، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش بولسا بەندىنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشتۈرىدىغان ئەڭ يېقىن، ئەڭ توغرا يول ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار قۇرئان ئۆگەنگەن ۋە قۇرئان ئۆگەتكىنىڭلاردۇر" (بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئاگاھ بولۇڭلار، كەلگۈسىدە چوڭ بىر پىتنە يۈز بېرىدۇ" دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ: "ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇ چوڭ پىتنىدىن چىقىش يولى قايسى؟" دەپ سورىۋىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: "چىقىش يولى ئاللاھنىڭ كىتابى، ئۇنىڭدا سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەھۋالى ۋە سىلەردىن كېيىنكىلەرنىڭ خەۋىرى بار، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسى، ئۇ ھېكمەتلىك ۋەز-نەسىھەت، ئۇ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا يۈز بەرگەن ياكى يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا ھۆكۈم چىقارغۇچى، ئۇ ھەق بىلەن باتىلنى، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىغۇچى، ئۇنىڭدىكى ھەممە ھۆكۈم ھەق. كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلمىسا ياكى ئۇنى ئوقۇمىسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ. كىمكى «قۇرئان كەرىم»دىن چىقىپ باشقا بىر نەرسىدىن توغرا يول ئىزدىسە ئاللاھ ئۇ كىشىنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئۇ داغدام يول، كىشىلەرنىڭ خاھىشلىرى ئۇنى ھەقتىن چەتنىتىۋېتەلمەيدۇ، ئۇنى تىللار ئارىلاشتۇرۇپ قويالمايدۇ، ئۆلىمالار «قۇرئان كەرىم»گە تويمايدۇ، ئۇ كۆپ تەكرارلىنىش بىلەن كونىراپ قالمايدۇ، ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگىمەيدۇ، كىمكى قۇرئان بىلەن سۆزلىسە راست سۆزلىگەن بولىدۇ، كىمكى «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلسا ساۋابقا ئېرىشىدۇ، كىمكى «قۇرئان كەرىم» بىلەن ھۆكۈم قىلسا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلغان بولىدۇ، كىمكى قۇرئانغا چاقىرىق قىلسا توغرا يولغا ھىدايەت قىلىنىدۇ" (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان)

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىيامەت كۈنىگىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىگە ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەق دىن ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزە (ئىنسانىنى ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز قىلىدىغان، ئىنسان ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيدىغان، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قولىدا مەيدانغا چىقارغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشى)، مۆمىنلەرنى توغرا يولغا باشلايدىغان، خۇش بېشارەت بېرىدىغان نۇرلۇق چىراغ قىلىپ نازىل قىلدى. دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە باشلىغۇچى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇقەددەس كالامى «قۇرئان كەرىم»نى بىزگە ئاتا قىلدى. «قۇرئان كەرىم» ساماۋى كىتابلارنىڭ تۈگەنچىسى، شەرىئەتنىڭ دەستۇرى، دۇنيا-ئاخىرەتلىك ئىشلىرىمىزغا يول كۆرسەتكۈچى نۇرلۇق چىراغ. «قۇرئان كەرىم» ئىلىم-ھېكمەت بۇلىقى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: "ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشىلەر مۇھتاج بولىدىغان دىنىي ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇشخەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ نازىل قىلدۇق" {سۈرە «نەھل» (16-سۈرە)، 89-ئايەت}. شۇنداق، بىزنىڭ قولىمىزدا


«قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت نۇرلۇق چىراغ بار، ئەمما نېمە ئۈچۈن جەمئىيەتنە نۇرلۇك پىتنە-پاساتتىن خالىي بولالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىلىم ئۆگەنمەي نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ يۈرۈۋېرىمىز؟ نېمە ئۈچۈن باللىرىمىز بىزگە ۋاپا قىلمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزدە ھۇرۇن، بىكار تەلەپلەر كۆپ؟ سەۋەبى، بىز قولىمىزدىكى نۇرلۇق چىراغنى تاشلىۋەتتۇق، ئۆگەنمىدۇق، باللىرىمىزغا ئۆگەتمىدۇق. ئەپسۇس، نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ «قۇرئان كەرىم» قانداق كىتاب؟ ئۇ نېمىگە چاقىرىق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە مەزمۇن بار؟ دېيىلسە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئۇقمايدۇ. قۇرئان ئوقۇشنى بىلىدىغان بىر قىسىملار «قۇرئان كەرىم»دىكى بىلىملەرنى تۈزۈك ئۆگەنمەي تۇرۇپ ئۆزلىرىنى ئالىم چاغلىماقتا، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھېچقانچە ئەسىرى يوق. بىز«قۇرئان كەرىم»نى ئۆلۈم-يېتىملەردە، نەزىر-چىراغلاردا ۋە بىر قىسىم مۇراسىملاردا ئوقۇلىدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەنلا چەكلەندۇق. «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەقىقىي بەرىكىتىنىڭ قۇرئاندىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىش، قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى تەپەككۇر قىلىش، قۇرئان كۆرسەتكەن ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىش، قۇرئان تەشەببۇس قىلغان ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىش، قۇرئاننىڭ مەزمۇنىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدۇق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”**(بۇ) ئۇلارنىڭ ئايەتلەرنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر**“ {سۈرە«ساد» (38-سۈرە)، 29-ئايەت}.

بىزنىڭ ھالىمىز دەل دەريا بويىدا تۇرۇپ ئۇسسۇز قالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدى. بىز «قۇرئان كەرىم»نى تاشلىۋېتىپ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلمىغانلىقىمىز ئۈچۈن بىزنى خارلىق، نادانلىق، ھۇرۇنلۇق، ئىختىلاپ، خۇراپاتلىق ئورىۋالدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ”**’كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى كور قوپۇرىمىز‘. ئۇ: ’ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟‘ دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: ’شۇنىڭدەك، ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن‘**“ {سۈرە«تاھا» (20-سۈرە)، 124—126-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى توغرا ئېيتقان: ”**كىمكى تەكەببۇرلۇق قىلىپ «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلمىسا ياكى (ئۇنى) ئوقۇمىسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى ھالاك قىلىدۇ**“(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بىز يامان ئاقىۋەتكە قالماسلىقىمىز ئۈچۈن قۇرئاننى ساھابى كىراملارغا ئوخشاش ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ساھابى كىراملارنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ھۆرمىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇلار «قۇرئان كەرىم»نىڭ مەقسىتىنى توغرا چۈشەنگەچكە قۇرئاننى ئوقۇش، قۇرئاندىكى بىلىمنى ئىگىلەش، قۇرئان مەزمۇنىنى تەپەككۇر قىلىش، قۇرئان كۆرسەتكەن يولدا مېڭىشتا ئىنتايىن تىرىشچان، ناھايىتى ئەمەلىيەتچان بولغان. شۇڭا ئۇلار ئاز ۋاقىت ئىچىدە پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئىلىم جەھەتتە ئۇستاز، ئادالەت جەھەتتە ئۈلگە بولۇپ ھەممە ئادەم باراۋەر، ئۆز ئارا ئىتتىپاق، راستچىل، خاتىرجەم، تىنچ، باياشات، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت قۇرۇپ چىققان. ئەبۇ ئابدۇرەھمان سۇلەمى بۇ ھەقتە ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ” بىزگە قۇرئان ئوقۇپ بېرىدىغانلار (ئوسمان ئىبنى ئەففان، ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد قاتارلىقلار) ئۆزلىرىنىڭ قۇرئان ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بايان قىلىپ: ’بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قۇرئان ئۆگىنەتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئون ئايەت ئۆگەنسەك، شۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلمىغىچە ئىككىنچى ئايەتكە يۆتكەلمەيتتۇق. بىز قۇرئان ئوقۇشنى ۋە ئەمەل قىلىشنى بىللە ئۆگەنگەن‘ دېگەن“. ئاللاھ تائالا نۇرغۇن ئايەتلەردە «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلدۈرىدىغان نامىلارنى تىلغا ئالغان. سۈرە«ئىسرا» (17-سۈرە)نىڭ 9-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ”**بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ**“. سۈرە«مائىدە» (5-سۈرە)نىڭ 16-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ”**ئاللاھ شۇ كىتاب(يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى)غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ**“، سۈرە«شۇرا» (42-سۈرە)نىڭ 52-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ”**لېكىن بىز قۇرئاننى بىر نۇر قىلدۇقكى، ئۇنىڭ بىلەن بىز بەندىلىرىمىزدىن خالىغان كىشىلەرنى ھىدايەت قىلىمىز**“. سۈرە«فۇسسىلەت» (41-سۈرە) نىڭ 44-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ” **ئۇ (قۇرئان) ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك-شۈبھىگە) شىپادۇر**“.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”كىمكى «قۇرئان كەرىم»دىن بىر ھەرپ ئوقۇسا ئۇ كىشى ئۈچۈن بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. بىر ياخشىلىق ئۆزىگە ئوخشاش ئون ياخشىلىققا كۆپەيتىلىدۇ، مەن ‹ الم › (ئەلىف، لام، مىم)نى بىر ھەرپ دېمەيمەن، ‹ الف ›(ئەلىف) بىر ھەرپ، ‹ل› (لام) بىر ھەرپ، ‹م› (مىم) بىر ھەرپ“ (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلىشنىڭ ئىبادەت بولۇشى، مۆمىننىڭ ئىمانىنى زىيادە قىلىشى، مۆمىننى ئەجىرگە ئېرىشتۈرۈشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان بىر ھەقىقەت. بىراق بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى شۇ كىشىدە ئىخلاس بولۇشى، ئەمەل بولۇشى ۋە ئۇ كىشى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ تەپەككۇر قىلىشى كېرەك. ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ” كىمكى قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىپ «قۇرئان كەرىم»نى يادقا ئالسا، «قۇرئان كەرىم»دىكى ھالالنى ھالال دەپ، ھارامنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلسا ئاللاھ تائالا ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، ( ئۇ كىشىنىڭ) دوزاخقا مەھكۇم بولغان ئون تۇغقىنىنى دوزاختىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن شاپائەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىدۇ“ (تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد رىۋايەت قىلغان). مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ” كىمكى قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگىنىپ، قۇرئان بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىسا، «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلسا ئۇ كىشىنىڭ ئاتىسىغا قىيامەت كۈنىدە كۈننىڭ نۇرىدىنمۇ نۇرانە تاج كەيدۈرۈلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»گە ئەمەل قىلغان كىشىگە نېمىنى گۇمان قىلىسىلەر ؟“(ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، ھاكىم رىۋايەت قىلغان).

«قۇرئان كەرىم» ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان شەرىئەتكە يېتەكلەيدۇ، ئەڭ توغرا ئېتىقاد بىلەن ئېتىقادلاندۇرۇپ پايدىلىق ئىبادەتلەرگە چاقىرىدۇ، گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاق بىلەن ئەخلاقلىنىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ توغرا مۇناسىۋەت يوللىرىنى كۆرسىتىدۇ، ئىنساننىڭ روھى ۋە ماددىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن يارىتىپ بەرگەن نېمەتلىرىدىن توغرا پايدىلىنىپ ھۇزۇرلىنىشقا ئۈندەيدۇ، زېمىننى گۈللەندۈرۈپ، ئاۋاتلاشتۇرۇپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىپ، ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالا مۇتتەقى (تەقۋادار) بەندىلىرىگە تەييارلاپ قويغان جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن ئىزچىل ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىق قىلىدۇ. دېمەك، بىزگە ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئەڭگۈشتەر مەسەللىك كىتابىنى ئاتا قىلغانلىقىغا چەكسىز ھەمدۇ-سانا ئېيتىشىمىز، بۇنىڭدىن پەخىرلىنىشىمىز، ئۇنى ھەقىقىي ھۆرمەتلىشىمىز، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تەرك ئەتمەسلىكىمىز كېرەك. بىزگە ئىسلامدىن ئىبارەت نېمەت ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا سان-ساناقسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! بىزگە ئىماندىن ئىبارەت نېمەت ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا سان-ساناقسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن! بىزگە قۇرئاندىن ئىبارەت نېمەت ئاتا قىلغان ئاللاھ تائالاغا سان-ساناقسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن!

(ئاپتور: شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئوستازى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ئىسلام دىنى ھاياتلىقنى قەدىرلەيدۇ

تۇرسۇننىياز ئاۋۇت

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار!

ھاياتلىق بولسا ئىنساننىڭ ئىككىلا ئالەمدىكى ئارزۇ-تىلەكلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كاتتا نېسۋە. ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇندىن، (كىشىنى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرىدىغان) مەشغۇلاتتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل-مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر، (بىرەر يېغىش بىلەن ئۆستۈرگەن) ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ، ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن، ئاندىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇپپارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر**“ {سۈرە«ھەدىد» (57-سۈرە)، 20-ئايەت} بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئىنساننى ئاخىرەتتىن غەپلەتتە قالدۇرىدىغان ئويۇن-تاماشىدىن، زىبۇزىننەتتىن، ئىنسانىي غۇرۇرىنى يوقۇتۇپ، تاپقان پۇل-مال بىلەن پەخىرلىنىپ، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان ناھايىتى چەكلىك بۇ ھاياتىمىزنى پەس كۆرۈپ خارلىغانلىقىمىزنى ئۆسۈملۈك ئىگىسىنى خوش قىلىپ بىر دەملىك ياغقان يامغۇرغا ئوخشاتقان ھەم ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئەقىل تېپىپ، ئاندىن بىر قانچە سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇرۇپ يەتمىگەن ھاياتلىقنى قۇرۇپ قالغان، سارغايغان، يەنچىلىپ كەتكەن چۆپكە ئوخشاتقان ھەم بۇ دۇنيادا ئاللاھ تائالا كاتتا نېمەت قىلىپ بەرگەن بۇ ئەزىز ھاياتلىقنى قەدىرلىمىگەن غاپىللار ئۈچۈن ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابنىڭ بارلىقى، ھاياتنى ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇنلىرىغا سەرپ قىلغۇچى ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقىنىڭ بارلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

دەرۋەقە ئىنسانلاردىكى ئەڭ چوڭ بايلىق ئىماندىن قالسا ھاياتلىقتۇر. ئۇنىڭدىن يۇقىرى تۇرىدىغان شادلىق ۋە شېرىنلىك بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئىنسانغا دۇنيا ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدۇ. يوقالغاندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بولغان نەرسىلەرنىڭ بىھۇدە نابۇت بولۇشى ئانچە ئەپسۇسلىنارلىق ئىش ئەمەس، لېكىن قايتا تەكرارلىنىش ئىمكانىيىتى بولمىغان بۇ ھاياتلىقىمىزدىن ئىككى ئالەم ئۈچۈن ئۆز يولىدا پايدىلانماي، گۇناھ بولىدىغان ھەم ۋەتەن، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن زىيانلىق ئىشلارنى قىلىپ، بۇ قىممەتلىك ھاياتنى زايا قىلىۋېتىش بەك ئەپسۇسلىنارلىق ئىش. دېمەك، ئۆمۈر كۆچىتىدىن ھاسىل بولغان مېۋىنىڭ باشقىلارغا بەرگەن بەھرى ياكى كەلتۈرگەن زىيىنىغا قاراپ، ئۇ كىشىنىڭ بۇ ئىمتىھان دۇنياسىدا تۇتقان ئورنىنىڭ ياخشى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە ھەق سۇبھانە ۋەتەئەلا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: ”**سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**“ {سۈرە«مۇلك» (67-سۈرە)، 2-ئايەت}. بۇ ئايەتتە ئەڭ ياخشى ئەمەللەرنى قىلساق ھەم ساناقلىق ھاياتىمىزدا چىن دىلىمىزدىن سېغىنىپ ئاللاھقا تەۋبە قىلساق، ھاياتلىقنى ياراتقان ئاللاھنىڭ گۇناھلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! شۇنى ئېسىمىزدىن

چىقارمايلىكى، بىزنىڭ دۇنيا هاياتىمىزدىكى ياشاش مەقسىتىمىز ۋە نىشانىمىز هەرگىزمۇ ئىسراپ قىلىش ۋە هاۋايى هەۋەس قايىنىمىغا چۈشۈپ، هاياتىمىزنى مەنىسىز خورىتىش بولۇپ قالمىسۇن. بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى مەقسىتىمىز ۋە نىشانىمىز ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقىنى قىلماي، ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، ئىسراپخورلۇق بىلەن يەپ-ئىچىش، هەم كەيپ ساپا بىلەن ئۆمرىمىزنى زايا قىلىش بولىدىكەن، ئۇ هالدا بۇ قىممەتلىك هاياتىمىزنى زايا قىلغىنىمىز هەم ئاللاھنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمىغانلىقىمىز بولىدۇ-دە، بەخت-پاراغەتلىك جەننەتكە كىرەلمەيمىز.

ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان هاياتلىقنى غەنىمەت بىلىپ ياخشى ئىش قىلىش توغرىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مۇپەسسەل ئىزاهات بەرگەن. ئەمر ئىبنى مەيمۇنىل ئەۋدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر هەدىستە، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋەز ئېيتىۋېتىپ مۇنداق دېگەندى: **"بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن: ياشلىقىڭنى قېرىپ كېتىشتىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن؛ ساقلىقىڭنى ئاغرىپ قېلىشىڭدىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن؛ بايلىقىڭنى كەمبەغەل بولۇپ قېلىشىڭدىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن؛ بوش ۋاقتىڭنى بىر ئىشقا مەشغۇل بولۇپ قېلىشىڭدىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن؛ هاياتلىقىڭنى ئۆلۈمىڭدىن ئىلگىرى غەنىمەت بىلگىن"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

دېمەك يۇقىرىقى هەدىستە ئېيتىلغاندەك بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن غەنىمەت بىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز ئاللاھ تەرەپكە مايىل بولغان هالدا ئۆزىمىزنىڭ نېمىگە تۇغۇلغانلىقىمىزنى هەم ئۇستىمىزدە قانداق ۋەزىپىلەرنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ يېتىپ، هەق يولدا مېڭىپ، دىنىنىڭ، ۋەتەنىنىڭ، خەلقىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىيالىساق، هاياتلىق ئىزناسى قالدۇرالىساق ئادەم بولغىنىمىزنىڭ ئىككىلا ئالەمدە قىممىتى بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا قىلچە قىممىتى بولمايدۇ، بەلكى ئاتا-ئانىمىزغا، ۋەتىنىمىزگە ئېغىر يۈك بولغىنىمىز قالىدۇ. هەر قانداق ۋاقىتتا هاياتنى غەنىمەت بىلىپ، ياخشىلىققا يۈزلىنىپ، ۋەتەنداشلىرى، دىنداشلىرى ئۈچۈن بىر كىشىلىك تۆھپە يارىتىش هەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى، هېچ بىر ئىشقا يارىمايدىغان، هەتتا ئۆزىنىڭ هاجىتىدىنمۇ چىقالمايدىغان ئىچى كاۋاك هەيكەلنىڭ لازىمى يوق. هەقىقەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىچىدىكى كاۋاكلىقنى ئىلىم دورىلىرى بىلەن توشقۇزمىغانلار كېلەچەكتىكى بەخت-سائادىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىر پەيلاسوپ ئالىم: "ئەتىدىكى قايغۇ-ئەلەمگە سەۋەب بولىدىغان بۈگۈنكى خۇشاللىقنىڭ پايدىسى يوق" دەپ تەلىم بەرگەندى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ يەنە قۇرۇق هاۋايى-هەۋەس بىلەن ئەتە ئۇنداق قىلىمىز، ئۆگۈنلۈككە مۇنداق قىلىمىز دەپ قۇرۇق داۋراڭ بىلەن هاياتىمىزنى زايا قىلىۋەتمەيلى. شۇنداقلا، كەلگۈسىدىكى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بۈگۈننىڭ ئۆزىگە ئۇل قويمىساق، ئەتە قويغان خىشىمىز چاك باسمايدۇ-دە، ئاخىرى هېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، ئۆمرىمىز يوقۇلۇش مەغرىبىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ.

هۆرمەتلىك قېرىنداشلار، بىزنىڭ ياخشىلىق نىشانىمىز بۇ دۇنيادا قالسۇن، ئەۋلادلار ئىچىدە نۇر چاچسۇن دەيدىكەنمىز، ۋەتەن-خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى كۆزلەپ، هايات مەنزىلىمىزگە يېقىلماس شامدان ياسايلى، ياخشىلىقتىن تىكلەنگەن بۇ شامدان بىزنى ئەل قەلبىدە ئەبەدىي ياشاشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئىنسان كۆپ ياخشى ئەمەللەر بىلەن ياشىسا، ئۇنىڭ ئالىيجاناب روهى مىللىتىنىڭ، خەلقىنىڭ قەلبىدە ئەبەدىي ساقلىنىدۇ. ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر هەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "**قاچانكى ئادەم ئەۋلادى ئۆلسە ئۈچ تۈرلۈك ئەمەلدىن باشقا ئەمەللەر ئۈزۈلۈپ قالىدۇ: سەدىقە جارىيە، مەنپەئەت قىلىدىغان ئىلىم، ئاتا-ئانىسى ئۈچۈن دۇئا قىلالايدىغان ياخشى پەرزەنت**" دېگەن(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقى هەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، ئىنسان ئۆلۈپ كەتسىمۇ ساۋابى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك ئەمەل بار بولۇپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك هاياتىنى ناهايىتى قەدىرلەپ، ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ نەهيى قىلغان يوللارغا سەرپ قىلماي، ئۆزىنى گۇناھ ئىشلاردىن چەكلىگەنلەر هەم ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە ئىزچىل ئەگەشكەنلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى ئورنى جەننەت بولىدۇ.

هەق سۇبهانە ۋەتەئەلا ئۇلۇغ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: "**كىمكى (كۇفرىدا، گۇناهتا) چېكىدىن ئاشىدىكەن، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى(ئاخىرەتتىن) ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ جايى هەقىقەتەن جەهەننەم بولىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا(سوراققا تارتىلىشتىن) قورقىدىغان، ئۆزىنى نەپسى خاهىشىغا بېرىلىشتىن(يەنى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) چەكلىگەن ئادەمگە كەلسەك، هەقىقەتەن ئۇنىڭ جايى جەننەت بولىدۇ**"

{سۈرە«نازىئات»(79-سۈرە)، 37—41-ئايەتلەر}.

يۇقىرىقى ئايەت كەرىمدە، كىمكى چەكلىك ھاياتىنى گۇناھ-مەئسىيەتلەرگە سەرپ قىلىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئاخىرەتتىن ئارتۇق كۆرسە، ئۇنداق كىشىنىڭ جايى جەھەننەم بولىدىغانلىقى، ئەمما پەرۋەردىگارىنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلىشتىن قورقۇپ، ھاياتىنى قەدىرلەپ، نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشمىگەن، ھارام دەپ چەكلەنگەن نەرسىلەردىن ئۆزىنى چەكلىيەلىگەن ئادەمنىڭ ئورنى جەننەت ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىكلىك ھاياتىمىزنى بولمىغۇر قىلىق ۋە بولمىغۇر مەشغۇلاتلار بىلەن بۇلغىمايلى. ئەگەر يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەندەك، ھارام ئىشلارغا پېتىپ قىلىپ ھاياتىمىزنى نابۇت قىلىدىكەنمىز ئۇ ھالدا ھاياتلىق سەھنىسىدە كۆرۈنگۈدەك ئورۇنغا ئىگە بولالمايمىز-دە، ئۈمىد قىلىپ كېلىۋاتقان جەننەتنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىمىز.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ھەر قايسىمىز مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى، ھاياتىم بۇ دەرىجىگە يېتىپتۇ، مەن قانچىلىك ياخشىلىق قىلالايتتىم، مېنىڭ بولۇر يېرىم شۇ، كەلگۈسىدە بېشىمغا كەلگەننى كۆرەرمەن، دەپ جەننەتتىكى بەخت-پاراغەتتىن ئۈمىدسىزلەنمەيلى، ئۈمىدسىزلىك بىر كېسەللىكى، ئۇ ئادەمنى زەئىپلىك ۋە خورلۇق پاتقىقىغا تىقىۋېتىدۇ. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئەقىلدە راۋاج تاپالماسلىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا ھەر قايسىمىزنىڭ جېنىمىز تېنىمىزدە بولىدىكەن، بۇ ئالەم ۋە ئۇ ئالەمدىكى بەخت-سائادەتلىك جەننەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۈمىد كۆلچىكىنى قۇرۇتمايلى، ئادەمنىڭ ھايات دەرىخى ئۈمىد-ئارزۇ بۇلىقىدىن سۇغۇرۇلىدىغانلىقىنى كۆڭۈل سەھىپىمىزدىن ھەرگىز چىقارمايلى. ئۈمىدسىزلىك جاھالەتنىڭ ئانىسى، ئۈمىد بولسا سائادەتنىڭ قانىتى.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، ياشلىقنى قەدىرلەشنى بىلىشمۇ ھاياتنى مەنگە ئىگە قىلىشتۇر. بىز ھەر بىر تىنىقىمىزنى مەنىلەر خەزىنىسىنى قېزىشنىڭ سەرمايىسى قىلىشىمىز لازىم. بۇ ئەزىز ھاياتىمىزنى پەس ئىشلار ئارقىلىق نابۇت قىلىش ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ. ئەزىز نەرسىنى خار قىلىش ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئۆزى زار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ھاياتتا نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ پايدىسىز، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتالىقىنى، قايسى قەدەمنىڭ ساخاۋەتلىك، قايسى قەدەمنىڭ پالاكەتلىك، قايسى مەنزىلنىڭ نۇرلۇق، قايسى مەنزىلنىڭ قاباھەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي، قارىغۇلارچە باسقان قەدەم نىجاسەت پاتقىقىغا ئاپىرىپ، پۇشايمان زىخچىسىنى يۈرىكىمىزگە سانچىيدۇ. بۇ زىخ بىزگە ئىككىلا ئالەمدە تۈگەتكۈسىز ئازاب سالىدۇ. ئاندىن بىزنىڭ پۇشايمان قىلغىنىمىز بىكار، چۈنكى پۇشايمان كۆزدىن يامغۇر ياغدۇرىدىغان بۇلۇتتۇر.

قىسقىسى، بۇ ھاياتىمىزنى ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرساق، ھەم تەقۋالىقنى ئۆزىمىزگە يار قىلساق، ھاياتىمىز مەنىلىك ئۆتىدۇ-دە، ئۆزىمىزنى تونۇش ئارقىلىق گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي چىن مۇسۇلمان بولغان ھالدا مەڭگۈلۈك ئازادلىققا ئېرىشەلەيمىز.

ھۆرمەتلىك ئەزىز قېرىنداشلار! بىز ياشاۋاتقان بۇ يېڭى ئەسىردە ھاياتىمىزنى قەدىرلەپ، كونا قالاق ئىدىيىمىزنى تاشلاپ، يېڭىلىققا يۈزلىنىپ، يېڭى-يېڭى بىلىملەرنى ئىگىلەپ، دىن ئۈچۈن ھەم كەڭ ئېتىقادچى خەلق ئاممىسى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلارنى كۆپرەك قىلايلى. شۇنى ئۇنۇتمايلىكى، بۇ يېڭى ئەسىر ئالدىغا مېڭىپ، تەرەققىياتقا يۈزلەنگەنلەرنى قوللايدىغان، جەمئىيەتتە، مىللەتتە يۈك بولۇۋالغانلارنى شاللايدىغان ئۈچۈر دەۋرى، رىقابەت دەۋرى. شۇڭا بۇ دۇنيادا ئىنسانداك ياشايمەن دەيدىكەنمىز، «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»نىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، ئېتىقادىمىزنى كۈچەيتىپ، ئىمانىمىزنى كۈچلەندۇرۇپ، ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىپ، پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنىمۇ تىرىشىپ زېرىكمەي ئۆگىنىپ، ھاياتىمىزنى قەدىرلەپ، يېڭىلمەس ئىرادە، تەۋرەنمەس غايە، چىدامچان ھەرىكىتىمىز بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مۇسۇلمانلار سۆز ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك

خېلىل ھۇسەن

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

سۆز ئىنساننىڭ تىلىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسان مەنىۋى ساپاسىنىڭ نامايەندىسى. سۆز ئىنسانلارنىڭ ئىزگۈ گۈزەللىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ۋە نەسىھەتلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئىزچىل گەۋدىلەنگەن ئىزگۈ گۈزەللىكنىڭ راۋان ئېقىمى. سۆز جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ۋە كامالەت دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان روشەن ئەينەك. بىر جەمئىيەتنىڭ قايسى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى، خۇددى ئامېرىكىنىڭ پەيلاسوپ شائىرى ئېمېرسون ئېيتقاندەك: "شۇ جەمئىيەت تويلىغان بايلىق ۋە شۇ جەمئىيەت تەربىيىلىگەن ئادەم سانى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ باغرىدا تەربىيە ئالغان ئىنساننىڭ ھەقىقىي مەنىۋى قىياپىتى ئارقىلىقلا باھالاش مۇمكىن". سۆز ئۇلۇغ شەرەپتۇر. سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ ئىنساننىڭ كۆڭلىدىن چىقىدۇ. شۇڭا، سۆزنى ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىنىڭ يادروسى دېسەك ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولماس. تىل شەكىل بولسا، سۆز ئۇنىڭ ماھىيىتى. بۇ ئىككىسى بىر-بىرىنى شەرت قىلىپ تۇرىدۇ. تىل بولساسىلىق ۋە يۇمشاق بولغان بىر پارچە قىزىل گۆش، تىلدا ئۇمۇرتقا بولمايدۇ. ئەمما بۇ تىل ئارقىلىق چىققان بەزى سۆزلەر ئادەمنىڭ ئۇمۇرتقىسىنى ئېزىپ تاشلايدۇ. مانا بۇ ماھىيەتتىكى سېھرىي كۈچ. بىز بۇ ماھىيەتكە چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈش بىلەن بىللە تارىختىكى ماتېرىياللارغا، جۈملىدىن بۇۋىلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىگە مۇراجىئەت قىلغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭمۇ بۇ ماھىيەتنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن سۆزگە ناھايىتى يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇ ئەزىز نەرسىگە ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئەۋلادلىرىغا ئۆرگەنلىغان ئەقلىيە سۆزلەرنى قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. "ئەر-يىگىتنىڭ بىرىنچى ھۈنىرى — قىزىل تىل"، "سۆز باركى تاغدەك كۆتۈرىدۇ، سۆز باركى ھاڭغا ئىتتىرىدۇ"، "كىشىنىڭ پەزىلىتى سۆزدىن بىلىنىدۇ"، "سۆز ئەقلىنىڭ تارازىسى" («ئاتىلار سۆزلىرى»دىن). مانا بۇلار سۆزنىڭ ئىنسانىيەت مەنىۋىيىتىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھەر قانداق نەرسىنىڭ ياخشىسى ھەم يامىنى بولغىنىدەك، سۆزنىڭمۇ ياخشى-يامىنى بولىدۇ. ياخشى سۆز ئىناقلىققا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا پايدىسى بار تۈرلۈك سۆزلەرنى كۆرسەتسە، يامان سۆز باشقىلارنى تىللايدىغان ۋە باشقىلارنى مەسخىرە قىلىدىغان سۆزلەر، قورقۇنچ، ھاياسىزلىق ۋە تەھدىت چىقىپ تۇرىدىغان تۇتاق سۆزلەر، باشقىلارغا نەشتەر بولۇپ سانچىلىدىغان زەھەرلىك سۆزلەر، قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىغان، چويلىغا توختىمايدىغان ئېتىقسىز سۆزلەر... ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سۆزلەر داۋاملىق جېدەل-ماجىرا چىقىرىدۇ، زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرىدۇ، ئىجتىمائىي ئامانلىققا زىيانلىق... ئاللاھ تائالا ياخشى سۆز بىلەن يامان سۆزنىڭ پەرقىنى «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق بايان قىلغان: "**ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى-ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ**" {سۈرە «ئىبراھىم» (14-سۈرە)، 24-، 25-ئايەت}. بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ سۈپەتلىك بولۇش-بولماسلىقى، شاخ-يوپۇرماقلىرىنىڭ باراقسان ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۇنىڭ غولىنىڭ چىڭ ياكى بوشلۇقىغا، يىلتىزىنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىقىغا باغلىق بولغىنىدەك، بىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە كۆپچىلىك بىلەن چىقىشىشى، ئىناق ئۆتۈش-ئۆتەلمەسلىكى، ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇش-بولالماسلىقى، مۇھەببىتىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى ئالدى بىلەن باشقىلارغا ياخشى گەپ قىلىش-قىلماسلىقىغا باغلىق، باشقىلارغا يامان گەپ قىلىپ تۆھمەت چاپلىسا، زىيانكەشلىك قىلسا بولمايدۇ. "**يامان سۆز زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى**

**يوق ناچار دەرەخقە ئوخشايدۇ“** {سۈرە «ئىبراھىم» (14-سۈرە)، 26-ئايەت}. دېمەك، سۆز بىلەن سۆزنىڭ پەرقى بار. بىلىش لازىمكى، ئىنسان ئۆز سۆزى ئاستىدا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. سۆزلىمەي تۇرغاندا ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى بىلىنمەيدۇ، سۆزلىگەندە ئاندىن ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا ھەر بىر مۇسۇلمان سۆزلىگەندە سۆزنىڭ مەنىسىگە، ئالدى-ئارقىسىغا قاراپ سۆزلەپ، سۆزنىڭ قىممىتىگە ھەرگىز سەل قارىماسلىقى زۆرۈر. ئەگەر سۆزلىگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى، ئالدى-ئارقىسىنى پەملىمەيلا سۆزلىسە، ئۇ كىشى شاتۇتقا ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى شاتۇتى ئادەمگە ئوخشاش چىرايلىق، ئېنىق سۆزلەيدۇ. ئەمما ئۆزى سۆزلىگەن سۆزدىن ئۆزى خەۋەرسىز. بۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنى سۆز سۆزلىدى دېيىلىدۇ، سۆز بىلىدۇ دېيىلمەيدۇ. سۆزنى بىلىپ سۆزلىسە ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسە بىلىپ ئالالايدۇ. ئەگەر بىلمەيلا سۆزلىسە ئاڭلىغانلار ئۇنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسە بىلىپ ئالالمىسا، سۆزلىگۈچى كىشىلەر ئاڭلىغۇچى كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ھەتتاكى ”ساراڭ“ دېگەندەك سەلبىي لەقەملەر ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى ۋۇۋسكا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. سۆزنىڭ قىممىتى مانا مۇشۇنداق. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، سۆز ئىنسان مەنىۋىيىتىنى ئۆلچەيدىغان تارازا، ھەر قانداق ئىنسان مۇشۇ تارازا ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۇنىڭ كىيىۋالغان كىيىمى، سېلىۋالغان ھەشەمەتلىك ئۆيلىرى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاغزىدىن چىققان سۆزى ئارقىلىق بىلىنىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مۇسۇلمانلار بۇ مەنىۋى بوشلۇقلىرىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، مەشھۇر پەيلاسوپ ئالىملارنىڭ، دانالارنىڭ، مۇتەپەككۇرلارنىڭ، جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ، شائىرلارنىڭ، شۇنداقلا جامائەت ئەربابلىرىنىڭ قالدۇرغان ۋەز-نەسىھەتلىرىنى ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۆزلىرىنىڭ زېھنىنى ئاچىدىغان تۈرلۈك پايدىلىق سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن زېرىكمەسلىكى كېرەك. بۈيۈك ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ: ”سۆزنى دانالاردىن ئاڭلاپ، كېيىن بىلمىسىزلەرگە ئېيتىش كېرەك“ دېگەن سۆزى بۇنىڭ شاھىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتقاندەك، سۆز ئاڭلاش ئارقىلىق ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان نۇرغۇن سۆزلەرنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ.

مۇسۇلمانلار يېقىملىق، ياخشى سۆزلەشنى ئەخلاقلا دەپ قارىماستىن ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ تولۇقلىمىسى دەپ قاراش كېرەك. ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنى يېقىملىق، ياخشى سۆزلەشكە بۇيرۇپ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېگەن: **”بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن“** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-سۈرە)، 5-ئايەت}. ” ...**ئۇلارغا چىرايلىق سۆز قىلىڭلار“** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 5-ئايەت}. ئەجدادلىرىمىز «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئۆزلىرىلا ئەمەل قىلىپ قالماستىن، ئەۋلادلىرىنىمۇ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا چاقىرىپ ئايەتلەر بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان نەسىھەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. مەسىلەن: ”بۇغداي نېنىڭ بولمىسىمۇ، بۇغداي سۆزۈڭ بولسۇن“ دېگەندەك. مانا بۇ سۆزنىڭمۇ تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز: **”ئەگەر سەن پەرۋەردىگارىڭدىن كۈتۈۋاتقان مەرھەمەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارغا خەير-ساخاۋەت قىلماقچى بولساڭ (يەنى قولۇڭدا ئۇلارغا بېرىدىغان بىر نەرسە بولمىسا)، ئۇلارغا چىرايلىق گەپ قىلغىن“** {سۈرە «بەنى ئىسرائىل» (17-ئايەت)، 28-ئايەت}. يېقىملىق، ياخشى سۆزلەر باشقىلارنى ھەر قاچان رازى قىلىدۇ. دۇنيادا يېقىملىق، ياخشى سۆزلەردىن خۇشال بولمايدىغان ئىنسان بولمىسا كېرەك. باشقىلارنى خۇشال قىلىدىغان بۇ خىل ئالاھىدە خىسلەتلەرنى ئىسلام دىنىمىز ناھايىتى يۈكسەك ئورۇنغا قويىدۇ ۋە شۇنداق قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن، مەن مۇسۇلمان دېگەن ھەر قانداق ئىنسان باشقىلارغا يېقىملىق، ياخشى سۆز قىلىشنى مېنىڭ بۇرچۇم دەپ بىلىشى زۆرۈر. ئۇممەتلىرى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان كاتتا ھىدايەتچىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېقىملىق، ياخشى سۆز قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ” **ياخشى سۆز قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر سەدىقە“**. مانا بۇ مۇبارەك ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن يېقىملىق، ياخشى سۆزلەرنىڭ بەندىلەر ئارىسىدىلا ئەمەس، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدىمۇ پەزىلىتى ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بەزىلەر بولسا (ئۆزىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن مېنى بىلىمدان، گەپدان، ئابرۇيلۇق ئىكەن دېسۇن دەپ) ئاغزىلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ، قوللىرىنى ھەر خىل ئىشارەتلەپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى سۆزىگە ماسلاشتۇرۇپ، نادىر (كەم، ئاز ئۇچرايدىغان) سۆزلەرنى ئىشلىتىپ كېتىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە رىيا (ئۆزىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلغان) دىن باشقا ھېچ مەنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. بۇنداق بولمىغۇر قىلىقتىن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالام، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇرغان: **"قىيامەتتە ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ۋە ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغىنىڭلاردۇر. قىيامەتتە ئەڭ غەزىپىمنى قوزغايدىغان ۋە مەندىن ئەڭ يىراقتا بولىدىغىنىڭلار تۇتىرۇقسىز، تولا سۆزلەيدىغان، ئۆزىنىڭ سۆزدە ئۇستا ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن ئېغىزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ قىلىۋاتقان سۆزىگە ماسلاشتۇرۇپ چىرايىغا ھەر خىل تۈر بەرگۈچى ۋە باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرگۈچىلەردۇر"** (تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). بۇ ھەدىستە، قىيامەت كۈنى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل ئادەم رەسۇلۇللاھنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى بولىدىغانلىقى (يېقىملىق، ياخشى سۆزلەشمۇ بۇنىڭ ئىچىدە)، تۇتىرۇقسىز، ۋاتىلداپ تولا سۆزلەيدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئالدىدا تولا مەدداھلىق قىلىدىغان ئادەم رەسۇلۇللاھتىن ئەڭ يىراقتا قالىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ قويۇشقا ئەرزىيدۇكى، بۇنداق قىلغانلىق باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن كۆرۈپ، تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقلا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، خالاس. ئىرانلىق ئالىم شەيخ سەئىدىمۇ تولا سۆزلەشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئۆزىنىڭ «بوستان» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: "ئون ئادەمگە گەپ بەرمىگۈدەك تولا گەپ قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە، ئالىمدەك بىر سۆزلىسەڭمۇ پىردەك سۆزلە"

ھەر قانداق مۇسۇلمان سۆزلەشتىن ئاۋۋال دېمەكچى بولغان سۆزىدە غەيرىيلىك بار-يوقلۇقىنى دەڭسەپ بېقىش كېرەك. بەزىلەر ئويلىمايلا سۆزلەپ سالىدۇ-دە، قىلغان سۆزىگە مىڭ پۇشايمان قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ھەر قانچە پۇشايمان قىلغان بىلەن بىكار. "پۇتۇڭدىن يىقىلساڭ قوپىسەن، ئاغزىڭدىن يىقىلساڭ قوپالمايسەن" دېگەن ماقالمۇ شۇ سەۋەبتىن بارلىققا كەلگەن. دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: "سۆز ئېغىزدىن چىققۇچە ئادەم باشقۇرىدۇ، ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن سۆز ئادەمنى باشقۇرىدۇ". بىز بۇنىڭدىن سۆزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى ھەتتا ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەنمۇ نىسپىي چېتىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. خەت ئالاقىسى چوڭقۇر ئويلىنىشتىن ئۆتىدىغان، يەنە كېلىپ قەلەم ئارقىلىق ئىپلىپ بېرىلىدىغان سۆزلىشىش شەكلى بولغاچقا، سەل-پەل ئېھتىيات قىلساقلا چوڭ چاتاق چىقمايدۇ. لېكىن ئەمەلىي سۆزلىشىشتە كۆپرەك ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدۇ. چۈنكى ئېھتىيات قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى شۇ ھامان ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە پەيلاسوپ ئەكاپىۋ مۇنداق دېگەن: " تىل چاقماق تېشى، سۆز بولسا ئۇچقۇن، ئىي سۆزلەۋاتقان ئادەم، ئېھتىيات قىلمىساڭ ئوت كېتىشى مۇمكىن". ئەكاپىۋنىڭ بۇ سۆزىنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە، مۇنداق بىر ھېكايەت ئېسىمدىن پەقەت كەتمەيدۇ: پادىشاھ ھارۇن رەشىد بىر كېچە باغداتتا چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاغزىدىكى چىشلىرىنىڭ ھەممىسى چۈشۈپ كەتكەنمىش، ئۇ بىر تەبىرچى ئالىمنى چاقىرتىپ، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ. "بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى— دەپتۇ تەبىرچى ئالىم— بارلىق تۇغقان-قېرىنداشلىرىڭىز سىزدىن بۇرۇن ۋاپات بولىدۇ". ھارۇن رەشىد بۇ تەبىرچى ئالىمنىڭ تەبىرىدىن رەنجىپ ئۇنى 100 قامچا ئۇرۇشقا پەرمان قىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: "ھەي سۆز بىلمەس نادان، سەن كىم ئىدىڭ، مېنىڭ بۇ چۈشۈمگە قارىتا يۈزۈمدىن يۈزۈمگە شۇنداق دەمسەن؟ قەۋم-قېرىنداشلىرىم مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھالىم نېمە بولىدۇ؟ دۇنيادا ماڭا نېمە لەززەت كېلىدۇ؟" دەپتۇ. ئۇ ئىككىنچى بىر تەبىرچى ئالىمنى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا بۇ چۈشنى سۆزلەپتۇ. "ھەي خەلىپە— دەپتۇ بۇ تەبىرچى ئالىم —بۇ چۈشنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرەتلىرى بارلىق قەۋم-قېرىنداشلىرىدىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا". خەلىپە ھارۇن رەشىد بۇ ئالىمنىڭ سۆزىنى خوش كۆرۈپتۇ ۋە ئۇنىڭغا 100 سەر ئالتۇن مۇكاپات بېرىپتۇ. ئەقلىنىڭ يولى بىر، ئىككى سۆزنىڭ مەنىلىرى بىر، لېكىن ئىپادىلىرى باشقىدۇر. بىرىنچى ئالىمنىڭ تەبىرىمۇ شۇ مەنىدە ئىدى، ئەمما قوپال ئىبارە بىلەن سۆزلىگەنلىكتىن 100 قامچا ئۇرۇلدى. ئىككىنچى ئالىم گۈزەل ئىبارە بىلەن بايان قىلىپ 100 سەر ئالتۇن مۇكاپات ئالدى. خەلق ئېغىزىدىكى: "ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ ئويلاپ سۆزلە" دېگەن ماقالمۇ بىكاردىن بارلىققا كەلمىگەن بولسا كېرەك. ئويلىماي سۆزلىسەك، بىرىنچى ئالىمدەك پاجىئەلىك تراگېدىيىگە يولۇقۇشىمىز مۇقەررەر. تىلنىڭ تىكىنى يوق، ئەمما سۆزنىڭ تىكىنى بار. شۇڭا سۆزدىكى تىكەننى ئادالاپ تاشلىمىساق " نېمە تېرىساڭ شۇنى ئالىسەن" دېگەندەك، تىكەنلىك سۆزلەردىن تىكەن ئۈنۈپ چىقىپ، باشقىلارغا ياكى ئۆزىمىزگە سانچىلىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا سۆزدىن ئىبارەت بۇ گۆھەرگە ھەرگىزمۇ سەل قارىماي ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىنى بېيىتايلى.

(ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# دىنىي ئەھلى ساھەلەر، باشقا تىللارنىمۇ ئۆگىنەيلى

مۇھەممەد مەھمۇد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئىقتىدارلىق، ئۇلۇغ يارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەر بىر ئەزانىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلىشىنى ئۆزىنىڭ قۇدرەت ھېكمىتى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان. ئاللاھ بەخش ئەتكەن نېمەتنى ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئەسلىتىپ، سۈرە«بەلەد»(90-سۈرە)نىڭ 8-، 9-، 10-ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئىنسان ئۈچۈن ئىككى كۆز، بىر تىل، ئىككى كالپۇك ياراتمىدۇقمۇ؟ ئۇنىڭغا ياخشى يول بىلەن يامان يولنى كۆرسەتمىدۇقمۇ؟"**. ئاللاھ ئادەمنى زېمىنغا خەلىپە بولۇشنى ئىرادە قىلغان زاماندىن باشلاپلا دۇنيانى گۈللەندۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئادەمگە ئامانەت قىلغان. شۇنداقلا قاراڭغۇ تۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ ماڭىدىغان يولىنى توغرا پەرق ئەتكۈچى ئۆتكۈر كۆزلەرنى، پايدا-زىياننى تەڭشەيدىغان ئەقىلنى، ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرىنى ئىزھار قىلىدىغان تاتلىق تىلنى ۋە بىر-بىرىنىڭ خىزمىتىگە ماسلىشىدىغان، بىرى يەنە بىرىگە ياردەم قىلىدىغان نازۇك ئەزالارنى ئادەمنىڭ تەن قۇرۇلۇشىغا ئورۇنلاشتۇرغان.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز تېنىدىكى بۇ كۆپ نېمەتلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى ھەقلىقتۇر. ئىسلام دىنى ئەسلىدىلا كىشىلەرنى مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق، غايىلىك ۋە ئىلىم-مەرىپەتلىك بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. دىن ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە، مىللەتنى دەۋر روھىغا باي، ئىلغار ۋە ساپالىق بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا 14 ئەسىر بۇرۇنلا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ سۈرە«ھۇجۇرات» (49-سۈرە) نىڭ 13-ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: **"ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھاۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر"**. جەمئىيەتتە ھەر خىل ئىرقتىكى كىشىلەرنىڭ ئىچكى-تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشى، تونۇشى ۋە ھەر خىل زۇۋاندا سۆزلىششى، ئالاقە قىلىشى يۇقىرىقى ئايەتنىڭ دەلىلى، بىرى-بىرى بىلەن تونۇشۇشنىڭ قايسى خىل ئۇسۇل بىلەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قارشى تەرەپنىڭ مەقسىتىنى توغرا چۈشىنىشتە تىل ھەممىدىن مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تىلشۇناس ئالىملىرىمىز تىل ئىنسانلارنىڭ بىرى-بىرى بىلەن ئالاقىلىشىش قورالى دەپ توغرا يەكۈن چىقارغان. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى تەقۋادار دېگەن سۆز لۇغەت مەنىسىدىن ئالغاندا ساقلانماق، كۈچلەنمەك دېگەن مەنىلەرنى بەرسە، ئۇنىڭ كەڭ ئۇقۇم مەنىسى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا چەكلىگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قارشى تۇرغان، شەرئەت يول قويمىغان ئىشلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش دېگەن بولىدۇ.

ھازىر كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسى نەزىرىدە نۇرغۇنلىغان دىنىي ئەھلى ساھەلەرنىڭ خېلى يۇقىرى ئابروي-ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشىنى ئۇلارنىڭ دىنىي كەسپىنى قىزغىن سۆيگەنلىكى، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئۈچۈن ئەستايىدىل خىزمەت قىلغانلىقى، خەلق ئاممىسىغا ئۆزلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئۈلگە يارىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى بىلىم سەۋىيىسى ئارقىلىق ئاممىنى

توغرا يولغا يېتەكلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىراق دىنىي ئەھلى ساھەلەر مەدەنىيەت سەۋىيىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپى قاتارلىق مەسىلىلەرنى چۈشىنىش، مەسىلىلەرنى تەھلىل، تەتبىق قىلىش جەھەتلەردە ئاجىزلىق قىلماقتىمىز. مۇشۇ ئاجىزلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلىپ، بىلىم سەۋىيىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى، جۈملىدىن ئېلىمىزنىڭ دۆلەت تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە، ئۆزىمىز تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن تەڭ، كەڭ مۇسۇلمان ياشلىرىنىڭمۇ ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، مەدەنىيەت ۋە پەن-تېخنىكىدا ئىلگىرىلەشكە ئاساس يارىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، 21-ئەسىر ئىلىم-پەن گۈللەنگەن، ئېلېكتىرون ئۇچۇر كەسپىي تەرەققىي قىلىپ زامانىۋىلاشقان، ھەر قايسى ئەللەر بىر-بىرىنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆزئارا تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقان، رىقابەت كۈچىيىۋاتقان، بىلىملىك ئىختىساسلىقلار نەتىجە يارىتىپ ھۆرمەتلىنىدىغان، مۇكاپاتلىنىدىغان، شان-شەرەپكە ئېرىشىدىغان، ئۇنىڭ ئەكسىچە بىلىمسىز نادانلار، مۇرۇنلار، ئىقتىدارسىزلار جەمئىيەت سەھنىسىدىن شاللىنىپ ھەيدىلىدىغان ئەسىر.

دىن نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىنىي ئەھلى ساھەلەر بىلىم ئىگىلەپ ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا، جەمئىيەتنىڭ كۆپ تىللىق بولۇش تەلىپىگە، ئۇچۇر دەۋرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىپ، ئىسلامىيەت ۋە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش جەھەتتە، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنى مول بىلىم-مەرىپەت بىلەن تەمىن ئېتىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم-بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي بىلىمى بىلەنلا قاندۇرۇپ قالماي، ئۇلارنى ھەر خىل تىل-يېزىقتا يېزىلغان گېزىت-ژۇرنال، كىتاب، ئېلان ۋە ئۇچۇرلارنى ئوقۇشقا ئۇيۇشتۇرۇشلىرى، بولۇپمۇ باشلامچىلىق بىلەن ھەر خىل مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق شۇ مىللەت، شۇ خەلقنىڭ پەن-مەدەنىيىتى، ئىلغار تېخنىكىسىنى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىغا قوشقان ئۆچمەس تۆھپىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، دىنىمىزغا، ۋەتىنىمىزگە ۋە مىللىتىمىزگە پايدىلىق شارائىت ھازىرلىشى لازىم.

ئەپسۇسكى، ئاز ساندىكى دىنىي ئەھلى ساھەلەر ئىچىدە ياكى ئاز ساندىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ نەزىرىدە غەيرىي مىللەتنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش، ئوقۇش ۋە ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلىش دىنىمىزدا چوڭ گۇناھ، خاتالىق ۋە ئىمانسىزلىق، دەپ قارالماقتا. ھالبۇكى ئاللاھ سۈرە «ئەلەق» (96-سۈرە)نىڭ 1—5-ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ: ”**ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى**“. بۇ ئايەت كەرىمدىكى ”**ئوقۇغىن**“ دېگەن بۇيرۇق سۆزى ئەينى ۋاقىتتا ئاشكارا ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارىتىپ ئېيتىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى بولغان بىزلەر ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا بۇيرۇق دەپ بىلىشىمىز لازىم. ئاللاھنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئىنسانغا قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەننى ئۆگەتتى دەپ خەۋەر بەرگەنلىكى ئىنسانلارنىڭ مەلۇم بىرلا تىل-يېزىقنى، بىلىمنى ئىگىلىشىگە قارىتىلغان بولماستىن بەلكى ئۇلارنى نادانلىقتىن، جاھالەتتىن، خار-زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئۆز ھاجەتلىرىدىن چىقىپ ئىلىم-مەرىپەتتىن ئىبارەت نۇرغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈندۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىلا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ساھابە زەيدىن سابىتنى غەيرى دىندىكىلەرنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان ئىدى. زەيدىن سابىتتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ”**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يەھۇدىيلارنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇدى**، بۇنى مەن يېرىم ئاي ئۆتمەي ئۆگىنىۋالدىم، مەن ئۇلارنىڭ تىل- يېزىقىنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەھۇدىيلارغا يازىدىغان خەتلىرىنى مەن يېزىپ بېرەتتىم، يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتكەن خەتلىرىنى مەن ئوقۇپ بېرەتتىم“. بۇ ھەدىستىن شۇنداق چۈشەنچىگە كېلىمىزكى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيدىن سابىتتەك زېھنى قۇۋۋەتتى ئۆتكۈر ساھابىنى غەيرىي مۇسۇلمانلارنىڭ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇشى شۇ دەۋردىكى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقىنى تۈگىتىپ، ھەر ئىككى تەرەپتە ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، تىنچ-مۇقىم ئىجتىمائىي مۇھىت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىدى، يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئىسلام دىنى ئۆگىنىشنى تەرغىپ قىلىۋاتقان پەن-مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-مەرىپەت بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر.

ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانىيەت موھتاج بولىدىغان پۈتۈن ئىلىملەر ساھەسىدە ئۆز ھاجەتلىرىنى ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىغۇدەك ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىنى ئىسلام پرىنسىپلىرىدىن قىلىپ بېكىتكەن. 10-، 11- ئەسىرلەردە ئۆتكەن پېشۋالىرىمىزنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا نەزەر سالساق: ئەبۇ رەيھان بىرونى، خارەزمى، ئىبنى ھەزمى، ئىبنى سىناغا ئوخشاش كىشىلەر «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىسلەرنىڭ ئىلھامى ئاستىدا ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىگە، ئىنسانىيەتكە ئادەم ھەيران قالارلىق نەتىجىلىرى بىلەن شان-شەرەپلىك تۆھپىلەر قوشقانىدى؟ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل-يېزىقىنى، مەدەنىيىتى خەلقئاراغا تونۇتقان مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇنىۋېرسال ئالىملىرىمىز چىققانىدى!؟

ھەر قايسى ئەھلى ساھەلەر دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا، كەڭ ئەھلى جامائەت يىغىلىغان ئاممىۋى سورۇنلاردا تىل ئۆگىنىش، پەن-مەدەنىيەت ئىگىلەش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىشقا ئوخشاش مەسىلىلەردە كىشىلەرگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ قالماستىن، ئۆزىمىز تىرىشىپ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا بۈگۈنكى رىقابەت زامانىدا پېشۋا ئۇستازلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان بولىمىز.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ "بىلىكى بار بىرنى يېڭەر، بىلىمى بار مىڭنى" دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنىڭ مەنىسىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز لازىم، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان ئېلېكترون ئۇچۇر دەۋرىدە بىر دۆلەت، بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلغان- قىلمىغانلىقى ھەرگىزمۇ يەر كۆلىمىنىڭ كەڭلىكى، چوڭلۇقى، ئادەم سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھەر خىل تىل-يېزىقنى، ئىلىم-مەرىپەتنى پۇختا ئىگىلەپ، پەن-مەدەنىيەت ساپاسى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە قوشقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، قوش تىللىق بولۇش گويا كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇش ئىككى قانىتى بىلەن يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەپ ئەتراپ ئالەمنى كۆرۈپ ھايات پەيزىنى سۈرگەندەكلا مۇھىم بىر ئىش.

(ئاپتور: فۇكاڭ ناھىيىسىدىن مەسچىت ئىمامى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئوتتۇرا ئاسىيادا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ قەدىمىي قۇرئان — «مۇسھەفى ئوسمان»

15-ئەسىردە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ نوپۇزلۇق نامايەندىلىرىدىن تاشكەنتلىك خوجا ئۇبەيدۇللا ئەھرار ۋەلى (1490-1401) كىچىك ئاسىياغا قىلغان سەپىرىدە ئۇنىڭ تېببىي ئىلمىدىن خەۋىرى بار ھەمراھ شاگىرتى بىمار بولۇپ ياتقان مەملىكەت پادىشاھىنى كېسەلدىن ساقايتىدۇ ۋە پادىشاھ بۇنىڭ بەدىلىگە تېۋىپنىڭ تىلىكى بىلەن مەملىكەتتە ساقلىنىۋاتقان ئۇشبۇ «مۇسھەفى ئوسمان»نى سەييىاھ مېھمانلارغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ «مۇسھەفى ئوسمان» تەخمىنەن 1480-يىلىدا سەمەرقەنتكە ئېلىپ كېلىنىدۇ(ئەمىر تۆمۈر ئىراقنى زەبت قىلغاندا بۇ قۇرئاننى باغداتتىن ئېلىپ كەلگەن دېگەن تەخمىنمۇ بار).

سەمەرقەنت روسىيە تەرىپىدىن ئىستىلاھ قىلىنغاندىن كېيىن بۇ قۇرئان 1869-يىلى گېنېرال كائۇفماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن پېتېربورگقا ئەۋەتىلىدۇ ۋە 1918-يىلغىچە ئىمپېراتور كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىدۇ. شۇ يىلى يانۋاردا بۇ قۇرئان پۈتۈن روسىيە مۇسۇلمانلىرى جەمئىيىتىنىڭ تەلىپى بىلەن تاتار مۇسۇلمانلىرى ئىختىيارىغا بېرىلىپ ئۇفەدە ساقلىنىدۇ. 1923-يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇسۇلمانلىرى ئىختىيارىغا بېرىلىپ تا ھازىرغىچە ئۆزبېكىستان مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئىدارىسىنىڭ كۇتۇبخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ قۇرئان دەسلەپ يېزىلغان بىرىنچى قۇرئان دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. چۈنكى دۆلەتكە ھاكىملىق دەۋاسىدا، قۇرئان ئوقۇپ ئولتۇرغان خەلىپە ئوسمانغا قاتىل قىلىچ ئۇرغان ئىكەن. دەرھەقىقەت ئۇشبۇ قۇرئان سەھىپىلىرىدە قان داغلىرىنىڭ ئىزناسى بار. ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

(ئابدۇللا قادىرنىڭ «تاشپولات تاجاڭ نېمە دەيدۇ؟— كالۋاڭ مەھزۇمنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن» ناملىق (ئۆزبېكچە) كىتابىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ نەشرگە تەييارلاندى. ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئاتۇشتىن ياسىنجان تۇرسۇن)

(تەھرىرلىگۈچىدىن: مەن 2000-يىلى تاشكەنت، سەمەرقەند ۋە بۇخارالاردا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان ھەم زىيارەتتە بولغان چېغىمدا ئۆزبېكىستان دۆلەت مۇپتىسى، ئۆزبېكىستان ئىسلام دىنى ئىدارىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇرېشىت ھاجى بەھرامۇفنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەزكۇر ئىدارىنىڭ كۇتۇبخانىسىدا كىيىك تېرىسىگە يېزىلغان ۋە ھەم ئېيتىلگەن ئەينەك رامكىغا ئېلىنىپ پۇختا ساقلىنىۋاتقان بۇ ئىپتىدائىي قۇرئاننى زىيارەت قىلغان ۋە بۇ قۇرئان ئالدىدا سۈرەتكە چۈشكەنىدىم — شەمشىدىن ھاجى)

# ھەسەتخورلۇقنىڭ يامانلىقى ھەققىدە

سەلەي بەكرى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەسەت دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئىجتىمائىي كېسەل ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ئۆز ئارا چىقىشىش، ياخشى كۆرۈش، قېرىنداشلىق تۇتقىلىرىنى يوقىتىشقا، مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرىنى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇۋېتىشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك كېسەل. ئۇ بارلىق ئىنسانلارنى گۇناھ ئىشلارغا ئېلىپ بارىدىغان قورال، جىنايەتنىڭ ئاچقۇچى. ھەممىگە مەلۇمكى ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن تۇنجى گۇناھ ھەسەتخورلۇقتىن كېلىپ چىققان. زېمىندا ئورۇنسىز ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن تۆكۈلگەن تۇنجى قان ھەسەتخورلۇقتىن كېلىپ چىققان. ئىبلىسنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدىكى مەرتىۋىسىگە قىلغان ھەسەتخورلۇقى ئۇنى ئاسىيلىققا ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە ئىبلىس ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشنى تەرك ئەتكەن. ھەسەتخورلۇق قابىلنى ئۆز قېرىندىشى ھابىلنى ئورۇنسىز ھەددىدىن ئېشىپ ئۆلتۈرۈشكە ئېلىپ بارغان. نەتىجىدە قابىل زېمىندا ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتىنى يولغا قويغان تۇنجى كىشى بولۇپ قالغان. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەسەتخورلۇقتىن كېلىپ چىققان. ئىسلام دىنى بۇ كېسەلنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆپلىگەن كۈرەشلەرنى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ بۇ كېسەلنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىشى لازىملىقى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: **"ھەسەتخورلۇقتىن ساقلىنىڭلار، ھەممىگە مەلۇمكى، ھەسەتخورلۇق دېگەن بىر ئوت، ئوت ئوتۇننى يەپ تۈگىتىۋەتكەندەك ھەسەت ياخشىلىقنى تۈگىتىۋېتىدۇ، ھېچقاندىق بىر ئىنساندا مېھىر-شەپقەت بىلەن ھەسەتخورلۇق بىرلىشەلمەيدۇ، ئىنسانلار بىر-بىرىگە ھەسەت قىلىشمىغاندىلا ئاندىن ياخشىلىق ئۈستىدە توختالغىلى بولىدۇ. سۇخەنچى، پالچى، شەخسىيەتچى ئىسلام ئەھلىدىن ئەمەس"**. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايەت كەلىمىسىنى ئوقۇغان: **"مۆمىنلەر ۋە مۆمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ)، ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ"**{سۈرە «ئەھزاب»(33-سۈرە)، 58- ئايەت}.

ھەسەت دېگەن ئاللاھ تائالانىڭ باشقىلارغا بەرگەن نېمەتلىرىنى كۆرەلمەي، ئۇ نېمەتلەرنىڭ يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش بولۇپ، ئىنسانىيەتتىكى سۇپەتلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكى، پەسكەشلەرنىڭ ئەڭ ناچىرى، ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىچكى ئۆچمەنلىكلەرنىڭ ئەڭ يامىنى، شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ گۇناھى ئاللاھ تائالانىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ ئېغىر، ئىمان ۋە ئەمەلگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئەڭ خەتەرلىك. ھەكىملەرنىڭ بىرى مۇنداق دېگەن: "مەن ھەر قانداق ئىنساننى رازى قىلالايمەن، پەقەتلا نېمەتكە ھەسەت قىلىدىغان ھەسەتخورنى رازى قىلالمايمەن، چۈنكى ئۇنى شۇ نېمەتنىڭ يوق بولۇپ كېتىشىلا رازى قىلالايدۇ".

ئىنسان ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز پەزلىدىن باشقىلارغا بەرگەن نېمەتلىرىگە ھەسەت قىلغاندا كۆرۈنۈشتە باشقىلارغا ھەسەت قىلغاندەك تۇرغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكمىگە، نېسىۋىلىرىنى بۆلۈپ بېرىشىگە، رىزقى ۋە مەئىشەتلىرىنى تارقىتىپ بېرىشى قاتارلىق ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇددۇسىيدا مۇنداق دېگەن: **"ھەسەتخور نېمىتىمنىڭ دۈشمىنى، ھۆكمىمنى ياقتۇرمىغۇچى، بەندىلىرىم ئارىسىدا قىلغان تەقسىماتىمغا نارازى بولغۇچى"**. بىر شائىر بۇ مەنىنى مەقسەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: "ئى ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا بەرگەن نېمىتىگە ھەسەت قىلغان ھەسەتخور! كىمگە ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ سەن ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا بەرگەن نېمىتىگە رازى بولماي، ئاللاھ تائالانىڭ قىلغان ئىشىغا يامان گۇماندا بولدۇڭ، نەتىجىدە ئاللاھ تائالانىڭ ساڭا بەرگەن جازاسى ماڭا تېخىمۇ كۆپ بېرىش ۋە سەندىن تەلەپ ئىشىكلىرىنى توسۇپ قويۇش بولدى".

بۇ سەۋەبتىن «قۇرئان كەرىم» مۆمىنلەرنى ھەسەتخورلۇقتىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىرىپ مۇنداق دەيدۇ: **"ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەردىكى بىر-بىرىڭلاردىن ئارتۇق قىلغان نەرسىلەرنى (ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن) ئارزۇ قىلماڭلار، ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاللاھتىن ئۇنىڭ پەزلىنى تىلەڭلار(ئاللاھ بېرىدۇ)، ئاللاھ ھەققەتەن ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر"**{سۈرە«نىسا» (4-سۈرە)، 32-

ئايەت}. «قۇرئان كەرىم» ھەسەتخورلارنى سۆكۈپ، ئۇلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: **"ياكى ئۇلار ئاللاھ ئۆز پەزلىدىن كىشىلەرگە بەرگەن نەرسىگە ھەسەت قىلىشامدۇ؟"** {سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 54-ئايەت}. «قۇرئان كەرىم» ھەسەتخورلارنىڭ دىللىرىنىڭ پەسلىكىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۆمىنلەرگە قارىتا يامان نىيەتتە بولغانلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۆمىنلەرگە خىتاب قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **" ئەگەر سىلەرگە (كەڭچىلىك، مولچىلىق، نۇسرەت، غەنىمەت قاتارلىق) بىرەر ياخشىلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن قايغۇرىدۇ؛ ئەگەر سىلەرگە (ئېغىرچىلىق، قەھەتچىلىك ۋە مەغلۇبىيەت قاتارلىق) بىرەر يامانلىق يەتسە، ئۇلار بۇنىڭدىن خۇشال بولىدۇ. ئەگەر سىلەر (ئۇلارنىڭ ئەزىيىتىگە) سەۋر قىلساڭلار ۋە سۆزۈڭلاردا، ھەرىكىتىڭلاردا (ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇلارنىڭ ھىيلىسى سىلەرگە قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ھەقىقەتەن تولۇق بىلگۈچىدۇر"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 120-ئايەت}.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، دىلىڭلارنى رىيا، ھەسەت، ئىككى يۈزلىمىلىك ۋە شېرىك قاتارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى پاسكىنىلىقتىن تازىلاڭلار. دىلىڭلارنى ئۇگشاڭلار، شۇنداق قىلساڭلار غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىسىلەر، بىلىپ قويۇڭلاركى مۇسۇلماننىڭ كۆڭلى رىيا، ئىككى يۈزلىمىلىك، شېرىك ۋە ماختانچاقلىق قاتارلىق ئىشلاردىن پاكىزلىنىپ روھى يۈكسىلىپ، ئىسلامىي ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن بېزەلمىگىچە ھەرگىزمۇ مۇكەممەل مۇسۇلمان بولالمايدۇ. بۇ توغرىدا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزىنى رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **" بىر-بىرىڭلارنى يامان كۆرمەڭلار! بىر-بىرىڭلارغا ھەسەتخورلۇق قىلماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇپ نەتىجىدە بىر-بىرىڭلاردىن يۈز ئۆرۈشۈپ يات بولۇشۇپ كەتمەڭلار، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار، سىلەر شۇندلق بىر كۈندىن (قىيامەت كۈندىن) قورقۇڭلاركى، بۇ كۈندە سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان ياخشى-يامان ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ( يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ )".** ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: **"ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ ياخشىلىق قىلغىن"** {سۈرە «قەسەس» (28-سۈرە)، 77-ئايەت}.

ئاللاھ تائالا بىزلەرنى بۇ ئايەتتە بىر-بىرىمىزگە كۆيۈنۈشكە، بىر-بىرىمىزگە ياردەم بېرىشكە قىزىقتۇرسا، بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نېمەتنى ھەسەت يۈزىسىدىن يوق بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ نېمىدېگەن پەسكەشلىك ۋە رەزىللىك؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئاللاھ تائالا بەندىلىرىدىن بىر كىشى ئاچ قالغان بولسا ۋە ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىققا يولۇققان بولسا بىر ئادەمنى قۇتقۇزسا دۇنيادىكى جىمى ئادەمنى قۇتقۇزغان بىلەن باراۋەر"** دەۋاتسا بىر ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بىر-بىرىمىزگە ھەسەتخورلۇق قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ھالال ئىشلەپ، ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى كەرىمى بىلەن باي بولغان كىشىلەرگە ھەسەتخورلۇق قىلساق، ئاللاھ تائالانىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمگە ئەمەل قىلغان مۇسۇلمان بولالايمىزمۇ؟

ئى مۆمىن قېرىنداشلار! ئويلاپ قويۇڭلاركى، بىز ھەممىمىز بىر ئاتا، بىر ئانا يەنى ئادەم ئاتا، ھەۋۋا ئانىنىڭ پەرزەنتلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىمىز دەيدىكەنمىز مۇشۇ دۇنيادا ئىتتىپاقلىشىپ، مۇقىملىققا كۆڭۈل بۆلۈشىمىز، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە بۆلۈپ بەرگەن رىزىققا ھەسەتخورلۇق قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئى مۆمىن قېرىنداشلار! ھەممىمىزنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلىپ، نەھيى قىلغان ئىشلىرىدىن يېنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يولىدا مېڭىپ ئىككى ئالەمدە بەخت-سائادەتلىك مۇسۇلمان مۆمىنلەردىن بولۇپ چىقىشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىغا ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەيمەن، سىلەرمۇ ئاللاھ تائالادىن مەغپىرەت تىلەڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ئاللاھ تائالا سىلەرگىمۇ بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا كۆڭلىمىزدىن ھەسەت، رىيا ۋە ئىككى يۈزلىمىلىك قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئىخلاس، ئىتتىپاق، مېھىر-شەپقەت ۋە قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئاتا قىلىپ، بۇيرۇغان ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ ۋە توسقان ئىشلىرىدىن يېنىپ ئاللاھ بىلدۈرگەن بىلىملىرىمىز ئارقىلىق كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلىشىمىزگە ئاسانلىق ئاتا قىلسۇن- ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى؛ شەمشىدىن ھاجى)

# ئۆملۈك پەرزدۇر، تەپرىقە ھارامدۇر

ئابدۇرېقىپ ئابدۇغېنى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

**"ئۇ (يەنى قابىل)نىڭ نەپسى ئۇنىڭغا قېرىندىشى (يەنى ھابىلنى) ئۆلتۈرۈشنى چىرايلىق كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) زىيان تارتقۇچىلاردىن بولدى"** {سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 30- ئايەت}.

**"ئۇلار يۇسۇفنى ساناقلىق بىر قانچە تەڭگە ئەرزان باھادا سېتىۋەتتى"** {سۈرە « يۇسۇف» (12-سۈرە)، 20- ئايەت}.

تۇنجى بولۇپ ئادەم قېنىنىڭ ناھەق تۆكۈلۈشىگە، بىر قورساقتىن چۈشكەن قېرىندىشىنى ئۆزى دەسسەپ تۇرغان زېمىن ئاستىغا بىمەھەل كۆمۈشكە سەۋەب بولغان ئىتتىپاقسىزلىق قابىلنى يەر يۈزىدىكى(ئىنسانلاردىن بولغان) تۇنجى گۇناھكارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. يەنە شۇ ئىتتىپاقسىزلىق تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ئەزىز بەندىسى، ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئۆز ئاكىلىرىنىڭ قولىدا تاشلاندۇق قۇلغا ئايلىنىپ قالدى. ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ تالايلىغان ئاچچىق قىسمەتلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىنسانىيەت ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش مۇساپىسىدە چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشى كېرەك بولغان مۇھىم ئۆتكەل ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى ھەمدە ھامان ئۆزلىرىنى بىر- بىرى بىلەن باغلاپ تۇرغان ماددى- مەنىۋى مۇناسىۋەت رىشتىلىرى ئاساسىدا ئۆزئارا ئۇيۇشۇشقا باشلىدى. ئەپسۇسكى بۇ خىل ئۇيۇشۇش يۇرت، قەبىلە، مىللەت... قاتارلىقلارنى مەركەز قىلغان ھالدا يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، مىللەتچىلىك خاھىشلىرىدا ئىپادىلەندى. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئىستىخىيلىك ئۇيۇشۇش ئىنسانىيەتكە نىجاتلىق ئېلىپ كېلەلمىدى (ھەم ئېلىپ كېلەلمەيتتى).

روشەنكى، دۇنيادا ياشاش نىشانى قىلىشقا، بارلىق كۈچ- قۇۋۋىتىنى سەرپ ئېتىشكە ئەرزىيدىغان بىر توغرا ئەقىدە ئاساسىدىلا، ئىنسانىيەتنى ھالاكەتتىن يۇلۇپ ئالالايدىغان، ئۇلارنى ئورتاق غايىگە ئىگە قىلىپ مەڭگۈلۈك بەخت- سائادەتكە باشلىيالايدىغان ماھىيەتلىك ئىتتىپاقلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئىتتىپاقلىق ئاجىزلارغا قۇۋۋەت بېغىشلىسا، كۈچلۈكلەرگە كۈچ قوشىدۇ.

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى مەزكۇر ھەقىقەتنى ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاپ باشقىلارغا ئۈلگە تىكلەپ بېرىشكە مۇشەررەپ قىلدى. ئىسلامدىن ئىبارەت بۈيۈك نېمەتنى ئارقىلىق بىر تۇخۇم ماجراسىدىن چوڭىيىپ، ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدىكى رەھىمسىزلەرچە قىرغىن قىلىش، ئەسىر ئېلىش، قۇل قىلىشتەك قاباھەتنىڭ بىر ئەسىردىن ئارتۇق يەنى توپتوغرا 120 يىل داۋاملىشىشىغا خاتىمە بەردى ( بۇ يەردە رەسۇلۇللاھنىڭ ھىجرىتىدىن ئىلگىرى مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ئۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان).

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئەسلىدە بىر- بىرىگە دۈشمەن بولغان ساھابىلەرنى ئىسلامدىن ئىبارەت كاتتا نېمەتنى ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ھالاكەتتىن قۇتقۇزغانلىقىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ. **"ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى(ئىسلام ئارقىلىق)ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى"** {سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 103- ئايەتنىڭ بىر قىسمى}.

بىر ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ، ئۇنىڭ كالامىنى يۈكسەكلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشقان، ئۆزئارا

ئىتتىپاق ئورناتقان ساھابىلەرنىڭ نىيەت- مەقسىتى بىردەك بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا كۆلەملىشىپ، جىنس، مىللەت، ئىرق، رايون ھەتتا قىتئەدىن ھالقىپ دۇنياۋىيلىققا ئىگە بولدى.

ئۇلار ئۆز ئىتتىپاقىدا ئېتىقادى بىرلىكىنى ئاساس قىلىپ، باي- كەمبەغەل، چوڭ- كىچىك، ئاجىز- كۈچلۈك ۋە ياكى باشقا چەكلىمە قويمىغاچقا، ھەرقانداق تېررىتورىيە چېگرىسى، ھەرقانداق مىللەت ئايرىمىسى ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىگە، ئۇيۇشۇشىغا توسالغۇ بولالمىغان. ئۇلارنىڭ دانا يېتەكچىسى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ: "**ئەرەبلەر بىلەن ئەجەملەرنىڭ پەرقى پەقەت تەقۋادارلىقتىلا بولىدۇ**" دېگەن ھەدىس شەرىفى سۆزىمىزنىڭ جانلىق دەلىلى بولالايدۇ.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ رەڭگى، يۇرتى، تىلى، تەبىقىسى قاتارلىقلارنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر يىلتىز، بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققانلىقىنى، پارچىلىنىش، بۆلۈنۈشكە ھېچقانداق ئاساس يوقلۇقىنى تەكىتلەپ، شۇنداقلا قېرىنداشلار ئارا مېھرىبانلىقنى، كەڭ قوللۇقنى ۋە چىن دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۈندەپ مۇنداق دەيدۇ: "**ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) ئىبارەت بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق**" {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 13-ئايەت}. ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن: "بىز سىلەرنى بىر جاندىن ياراتتۇق. بىر يىلتىزدىن ئاۋات قىلدۇق، سىلەرنىڭ نەسەبىڭلار بىر، ئەجدادىڭلار بىر، ھەممىڭلار باپباراۋەر. ھېچقانداق كىشىنىڭ ئۆز نەسەبى بىلەن ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاشقا ھەققى يوق. چۈنكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ نەسەبى، مال- دۇنياسى بىلەن ئەمەس بەلكى، ئۆز ئەخلاقى، تۆھپىسى ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگەن ھالال مەنپەئەتى بىلەن قەدىرلىكتۇر" دېگەن مەزمۇننى چۈشىنىۋالماق قىيىن ئەمەس.

ئاللاھ تائالا يەنە، دىنىي قېرىنداشلىقنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا چىڭ باغلاپ تۇرىدىغان مۇقەددەس رىشتە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنيايىمىزدىكى ئىماننىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ مۇنداق دەيدۇ: "**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر. (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار**" {سۈرە «ھۇجۇرات» (49-سۈرە)، 10-ئايەت}.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ «قۇرئان كەرىم»دىكى بىرلىك-ئىتتىپاقلىققا، ئىناقسىزلىقتىن ساقلىنىشقا قىلغان ئەمرلىرىنى — ئۆزىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دىن ئىبارەت ئىلاھىي بايانىتىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر مۇپەسسىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەنىمۇ شەرھلەپ چۈشەندۈرۈش ۋە تەكىتلەش ئارقىسىدا، ئاۋام خەلقنى ئىناق- ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت ئورنىتىش، ئۆزئارا يار- يۆلەكتە بولۇش قاتارلىق مۇسۇلمانلار جامائەسىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئېسىل ئەخلاقلارغا بۇيرۇغان. جامائەتتىن ئايرىم بولۇۋېلىش، تەپرىقىچىلىك قىلىش، ئاداۋەت ساقلاش، دۈشمەنلىشىش...قاتارلىق بىرلىك ئىتتىپاقلىقنىڭ ئۇلىنى كولايدىغان ناچار ئىللەتلەردىن توسۇش ئارقىلىق ئىسلامىي قېرىنداشلىقنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان.

بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشۇ مەزمۇندىكى بىر نەچچە ھەدىسلىرىنى كۆرۈپ باقايلى: "**مۆمىنلەر (ئۆز ئىتتىپاقىدا) خۇددى پۇختا بېرىككەن، بىر- بىرىنى تىرەپ تۇرىدىغان مۇستەھكەم بىناغا ئوخشايدۇ**"(ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). "**مەندىن كېيىن، كۇپپارلاردەك بىر- بىرىڭلارنىڭ گەردەنلىرىگە ئۇرماڭلار (يەنى كۇپپارلارغا ئوخشاش ئۆزئارا ئۇرۇشماڭلار)**" (ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنغان).

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا دىندا تەپرىقىچىلىك قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان بولۇپ، سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)نىڭ 159- ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: "**دىندا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا- جۇداسەن**".

ئاتاقلىق مۇپەسسىر ئىبنى كەسىر ھەزرەتلىرى بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "يەنىكى، بۇ ئايەتتە دېيىلگەنلەر بەزىلەر ئېيتقاندەك يەھۇدى- ناسارالارلا بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىدا تەپرىقىچىلىك قىلىپ ئىناقسىزلىق پەيدا قىلغان ھەرقانداق ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ"(«تەفسىر ئىبنى كەسىر» 2- توم. 196- بەت). بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بىرلا شەرىئەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىختىلاپ قىلىشقا بولمايدۇ. كىمكى دىن بەلگىلىمىلىرىنى خالىغانچە بۇرمىلاپ ئۆز ئالدىغا پىرقىلەرگە ئايرىپ، مەزھەپ-گۇرۇھلارغا بۆلىدىكەن، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇنداقلاردىن ئادا- جۇدادۇر. ئىسلامنىڭ ئاڭ ۋە ئەمەلىيەت بىرلىكىنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى بولغان جامائەتكە ئەگىشىش، جامائەت پىكرىگە بويسۇنۇش،

رەسۇلۇللاھنىڭ. ”ئاللاھنىڭ نۇسرىتى جامائەتتە بولىدۇ“ (ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلىنغان) دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئەقىدىۋىلەشكەن جامائەت مەسلىسى مۇسۇلمانلار ئېگىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلغا ئايلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە جامائەت بىلەن بىرگە بولۇشنى تەۋسىيە قىلىپ، جامائەتتىن ئايرىلىش بەئەينى دوزاخقا ئايرىلىش بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۆلۈنۈشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ”كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچچە ئايرىلغان ھالدا ئۆلىدىكەن، ئۇ كۇپپار ھالدا ئۆلگەن بولىدۇ“ (بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس. ئىبنى ئۆمەر رىۋايىتى). پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناقسىزلىقتىن قول ئۈزۈپ، مۇستەھكەم ئۇيۇشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان، ئۆزئارا مۇئامىلە گۈزەللىكى، سودا- مۇئامىلە گۈزەللىكى، تىل گۈزەللىكى شۇنىڭدەك ئالىيجاناب روھ تۈرتكىسىدىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش، ھېسداشلىق قىلىش، خالىسانە ياردەمدە بولۇش، ساداقەت بىلەن ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا قىزغىن، سەمىمي، خۇشچىراي بولۇش، دىنى قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسى مەنپەئەتىدىن ئەلا بىلىش... قاتارلىق ياخشى پەزىلەتلەرنى ئەرغىب قىلغان. ”جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ( ئاللاھ )بىلەن قەسەمكى، سىلەر مۆئمىن بولماي تۇرۇپ جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. ھالبۇكى، ئۆزئارا دوستلۇق ئورناتماي تۇرۇپ، مۆئمىن بولالمايسىلەر. سىلەرگە دوستلىشىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ سالامنى ئۆزئارا قانات يايدۇرۇڭلار“ (ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ”مۇسۇلمانغا تىل تەككۈزۈش پاسىقلىق، ئۇنى (ناھەق) ئۆلتۈرۈش كۇفرىدۇر“ (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) . ”مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر. كىمكى قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىدە بولىدۇ“ (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان) . ”سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى، قېرىندىشىغىمۇ ياخشى كۆرمىگىچە، (كامىل ) مۆئمىن بولالمايدۇ“ (ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ئۇندىن باشقا، كۈندە ئوقۇلىدىغان بەش ۋاخ ناماز، ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تەنتەنىلىك ئۆتكۈزىلىدىغان جۈمە نامازلىرىدا مۇسۇلمانلار تەڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق روھى ئاستىدا، مەسچىت سىرتىدىكى جەمئىيەت ئاپىرىدە قىلغان خىلمۇ-خىل پەرقلەرنى ئۇنتۇپ، ئەمەلدار- ئۆلۈغلاردىن تارتىپ، ئاددى پۇقرالارغىچە، باي-زەردارلاردىن تارتىپ نامرات- گادايلارغىچە بىر مەسچىتتە، بىر قىبلىگە يۈزلىنىپ، بىر سەپتە تۇرۇپ، بىر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ، ئوخشاش «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ، بىرلىكتە ناماز ئۆتەيدۇ. ئۇلار بۇ يەردە نام- نەسەب، قەدىر- قىممەت، سەن- مەنلىك سۈرۈشتە قىلماي بۇرادەرلەرچە دوستانە كەيپىياتتا بولىدۇ. يىلدا بىر قېتىم بولىدىغان ھەج پائالىيتى مەزگىلىدە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئىقلىملىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك ئىرىق، جىنس، مىللەت، تېررىتورىيىگە مەنسۇپ بولغان مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاپپاق بىر خىل كىيىم ( ئېھراملىق) ئىچىدە، بىر بەيتۇللاھنى ئوخشاش يۆنىلىشتە دەۋر قىلىشى ۋە باشقا ھەج پائالىيەتلىرىنى بىرلىكتە ئوخشاش سۆز-ئىبارىلەر بىلەن بىرلىكتە ئېيتقان تەكبىر-تەلبىيەلەر ساداسى ئىچىدە ئادا قىلىشلىرىدا دىنىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىق، ئۇلۇغلۇق ئىدىيىسى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنى ئۆزىنى مۆئمىن مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىدىغان ھەر بىر شەخستىن ، ئۆز ھەرىكەتلىرىدە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى مۇستەھكەم ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، ئىسلامي پەزىلەتلەرنى ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا ئۆزلەشتۈرۈپ، كۆڭلىرى خۇشال ئۆتكەن راھەت- پاراغەتلىك دەملەردىمۇ، قاقشاپ- زارلىنىپ ئۆتكەن جاپا-مۇشەققەتلىك پەيتلەردىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىسلامي بۇرچىنى ئۇنتۇماي، دىنىي قېرىنداشلىرىدىن ياردىمىنى ئايىماي، ئۇلار بىلەن ئىناق، ئەمىن، خۇشاللىققا تولغان ئىشەنچ بىلەن بېزەلگەن گۈزەل بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنى ھەقىقىي رەۋىشتە بەجا كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سۆزىمىزنى ئاتاقلىق دىنىي ئۆلىما، مەرىپەت كۆيچىسى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ چاقىرىقى بىلەن تۈگەللەيمىز:

— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بائىس نېمىدۇر؟

— ئىككى نەرسەدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت- ئابروي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

— ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ .

(ئاپتور:مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى:شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام ۋە ۋاقىت

يۈسۈپجان سەمەت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

كىشىلىك ھاياتتىكى تىلسىملارغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ۋاقىت بىلەن ئىنساننىڭ، ۋاقىت بىلەن ئىسلامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مۇناسىۋەت كىشىنىڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى ھەقىقەتەن مىسلىسىزدۇر. مۇقەددەس دىن — ئىسلام دىنى بىلەن ۋاقىت ئاجايىپ باغلىنىشقا ئىگە. بۇ خىل باغلىنىش يېتۈك ھېكمەتلەر بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. ھېكمەت ئىزدەپ تەپەككۇر قىلغان كىشى بۇ خىل باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتتىن يىمىرىلمەس ئىلاھىي ھەقىقەتلەرنى بايقايدۇ. مانا بۇ ئىلاھىي ھەقىقەتلەر كىشىنى ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكىگە ئاپىرىدۇ.

ئىلگىرىكى كىشىلەر ۋاقىتنى تەبىئەت ھادىسىلىرى ئارقىلىق ئۆلچىگەن بولسا، بۈگۈنكى دەۋردىكى كىشىلەر ھەرخىل تىپتىكى سائەتلەرنى ئىختىرا قىلىپ، ۋاقىتنى ئەڭ ئىنچىكە رەۋىشتە ئۆلچەشكە ئورۇنماقتا . تالاي مۇتەپەككۇرلار ۋاقىتقا سوئال قويۇپ، ئۇنىڭغا جاۋاب ئىزدىدى. قەدىمكى مىسىرلىقلار نىل دەرياسى سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، پەسىيىشىگە ئاساسەن كالېندار تۈزگەن ئىدى. ھەر قەۋمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ۋاقىت ئۆلچەش ئۇسۇلى(يىلنامىسى) بار. مۇسۇلمانلار مۇكەممەل ھىجرىيە يىلنامىسىنى قوللىنىدۇ. ئەرەبلەرمۇ ۋاقىتنى ئۆلچەش ئۈچۈن سىرلىق "ئەبجەد ھېسابى"نى ئىجاد قىلغان.

ئۇنداقتا، ۋاقىت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئۇقۇم؟ ئۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىنسان پائالىيىتىدىكى رولى قانچىلىك؟ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋاقىتنىڭ باشلانغانلىقىدىن، قىيامەتنىڭ قايىم بولۇشى ۋاقىتنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرەمدۇ؟ "ئاخىر زامان" دېگەن قانداق ئۇقۇم؟ بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ۋاقىتنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈشى ۋاقىتنىڭ ئاخىرلىشىشىمۇ؟ ئۆلۈم قانداق نەرسە؟ نېمە ئۈچۈن كىشىلەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايدۇ؟ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇجەيرىلىرىمىز بار ئىدى، بۇ شۇ چاغدىكى بىزمۇ؟ ئەۋلادلىرىمىزغا كېيىن تارىخىمىز يوشۇرۇنغان، بۇ ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ چەكسىزلىكىگە تارامدۇق؟ ئېينىشتېيننىڭ 20-ئەسىردىكى بۈيۈك ئىختىراسى، ئاتوم بومبىسىنىڭ ياسىلىشىغا تۈرتكە بولغان "نىسپىيلىك نەزەرىيىسى" نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ ئېيتقاندەك ۋاقىت رايونغا تەۋەمۇ؟ ۋاقىت ئوربىتىسىدىن چىقىپ كەتسەك ۋاقىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمامدۇق؟ ياكى ئاز ئۇچرامدۇق؟ ۋاقىت نېمە ئۈچۈن تۇيغۇمىزدا بەزىدە ئۇزۇن، بەزىدە قىسقا تۇيۇلىدۇ؟... دېمەك، ۋاقىت ھەققىدە سوئاللار ساناقسىزدۇر.

ئىنسان ھاياتقا مۇھتاج. ھاياتلىق ۋاقىت ئىچىدە بولىدۇ. ۋاقىتنى تەقسىملەش ئۈچۈن ئىنسانلار سائەتلەرنى ئىجاد قىلدى. بىز ۋاقىتنى سائەتلەر ئارقىلىق بىلمەكتىمىز. ئەلۋەتتە، سائەتلەر ئىجاد قىلىنغىلى نەچچە ئەسىر بولدى (بەلكىم، قەدىمكى زامانلاردىمۇ "قۇم سائىتى"، "قۇياش سائىتى" قاتارلىقلار بولغان بولۇشى مۇمكىن . بىز بۇ يەردە بىر قەدەر كۆپ ئومۇملىشىش ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتتۇق). ئىلگىرىكى كىشىلەر ۋاقىتنى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە باغلاپ ئۆلچىگەن. ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى بىئولوگىيىلىك سائەت تەبىئەت ھادىسىلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. ئىسلام دىنىدا ۋاقىت پۈتۈنلەي تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. قاراڭ، قۇياش، سايە قاتارلىقلار ۋاقىتتىن ئۇچۇر بېرىدۇ. بۇ چاغدا سائەت كەتمەيدۇ. بۇ بۈيۈك دىنىنىڭ زامان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقىنىڭ يەنە بىر يارقىن مىسالىدۇر.

ئىسلام دىنىدىكى ئىبادەتلەر ئۆزىگە خاس ۋاقىت ئۆلچىمىگە ئىگە. ھەر ئىبادەتنىڭ ئۆز ۋاقتى بار. بەش ۋاخ

نامازنىڭ، روزىنىڭ، ھەجنىڭ... شۇنىڭدەك ئىسلام بىلەن مۇناسىۋەتلىك باشقا ئەركانلارنىڭ ۋاقىت بىلەن بولغان ئۆزگىچە مۇناسىۋىتى ئىنساننى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئىبادەتلەرنى ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىش بىلەن كېچىكتۇرۇپ ئادا قىلىشنىڭ پەرقى بار. ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقىتلىرى ئاجايىپ ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ مۇستەھەپ ۋاقتى، ئادەتتىكى ۋاقتى ۋە قازا ۋاقىتلىرىمۇ بار. بۇ، بەندىلەر ئۈچۈن رەھمەتتۇر.

ۋاقىت ئاللاھ ئىنسانلارغا ئىنئام قىلغان بۈيۈك رەھمەتتۇر. ۋاقىت — بارلىق دېمەكتۇر. ئىنسان ۋاقىت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان . ۋاقىت ئىنساننى ئىسپاتلايدۇ. ئاللاھ بارچە ئىنسانلارغا بىرلا قېتىم ھاياتلىقنى بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ پۇرسەتنى تونۇيدىغانلارمۇ، تونۇمايدىغانلارمۇ بولىدۇ. ئالدىنقىلار جەننەتتە مەڭگۈدۇر، كېيىنكىلەر دوزاختا مەھكۇمدۇر. دېمەك، ئىنساننىڭ ۋاقىتتىكى غەلىبىسى ھاياتتىكى غەلىبىسى، ھاياتتىكى مەغلۇبىيىتى ۋاقىتتىكى مەغلۇبىيىتى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ”**بەندە قىيامەت كۈنى ۋاقىتنى قايسى ئىشلارغا سەرپ قىلغانلىقىدىن سورىلىدۇ...**“ دېگەن(تىرمىزى رىۋايەت قىلغان). ئىنسان ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشى كېرەك. ۋاقىتتىن ئەڭ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئۇنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشتا. ۋاقىتنى( ئوخشىمىسىمۇ) پۇلغا ئوخشاتساق، ياشاش پۇلنى خەجلەشكە ئوخشايدۇ. ئىنسان ئۆز ئۆمرىنى ھاياتتىكى ھەر خىل مەقسەتلەرگە مەبلەغ سالىدۇ. پۇل تېپىش ماھارەت، پۇل خەجلەش سەنئەت بولغىنىدەك، ۋاقىتنى خەجلەش تېخىمۇ ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان ئىشتۇر. مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تەرتىپى بولىدۇ. بۈگۈن قىلمىسا قەتئىي بولمايدىغان ئىشلارنىڭ ئورنىغا، بۈگۈن قىلسىمۇ، ئەتە قىلسىمۇ، ئۆگۈن قىلسىمۇ بولىدىغان ئىشلارنى دەسسىتىش بىھۇدە ئىسراپچىلىقتۇر. بۇ دەل ئىسلامچە ئاڭنىڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئايەتلەرگە قارايدىغان بولساق، ”ھېكمەت بىلەن ئىش قىل!“ دېگەن مەنا بالقىپ تۇرىدۇ. ۋاقىتنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر.

«قۇرئان كەرىم» دە ئاللاھ: ” **(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ. (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ’ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا- سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئېغىز ئېچىش قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر‘** ”{سۈرە «بەقەرە» (2- سۈرە)، 189-ئايەت} دېگەن. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەر ھىلال ئاينىڭ ئاسترونومىيىلىك ئۆزگىرىشلىرى ھەققىدە سورىغاندا، ئۇنىڭ ۋاقىت ئۈچۈن ئىكەنلىكى جاۋاب بېرىلگەن. دېمەك، بەندىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىش ئەڭ زۆرۈردۇر. قارايدىغان بولساق، ئىنسانلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقىتنى بىھۇدە ئورۇنۇشلارغا سەرپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى بىلمەك زۆرۈردۇر. يۈرەك كېسىلىنى قويۇپ تۇرۇپ زۇكامغا باش قاتۇرۇش ئەخمەقلىق. ئىنسانلار ماددىي مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىدە قىلمىغان ئىشلىرى قالمىدى، ئۇلار ھەممە نەرسىنى بىلمەكچى بولىدۇ، ھەممە نەرسىنى تەتقىق قىلىشىدۇ، ھەتتا خۇدانىمۇ بىرەر تەتقىقات ئوبيېكتى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئەڭ ياخشىسى ئىنسانلار دۇنيانى، ئالەمنى، ھەر بىر شەيئىنى بىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى بىلسە بولاتتى. ئېينىشتېين بىر ئۆمۈر تەتقىق قىلىپ «نىسپىيلىك نەزەرىيىسى» ئارقىلىق ئاتوم بومبىسىنى ياساپ چىققاندىن كېيىن، بۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا 100 مىڭلاپ ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقىنى كۆرۈپ: ”ئۆمۈرلۈك تەتقىقات نەتىجىلىرىمنى ئىسا(ئەلەيھىسسالام) نىڭ بىر جۈملە سۆزىگە تېگىشمەيمەن“ دەپتىكەن. شۇنداق، بەزى ئىنسانلارنىڭ كۈن بويى ئالدىراپ، پالاقشىپ ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنىڭ ماغزاپتەك، كۆپۈكتەك ھېچ قانداق قىممىتى بولماسلىقى مۇمكىن. ھالبۇكى« قۇرئان كەرىم» دىن: ”**(دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر**“{سۈرە «تەكاسۇر» (102-سۈرە)، 8-ئايەت} دېگەن ئايەتنى ئۇچرىتىمىز.

ئېينىشتېين ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ھەقنى ھېس قىلغان. ئەمما بىر ئۆمۈر ھەقنى تونۇماي تېڭىرقاپ يۈرىدىغانلار بولۇشى مۇمكىن. بۇنى ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش دەمدۇق؟ ۋاقىتنى بىردىنبىر قىممەتكە ئىگە قىلىدىغىنى ھەقىقىي تەپەككۇر. تەپەككۇرسىز ياشاش ياشاشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. كۆزى تېڭىلىپ جۇۋازغا قېتىلغان ئېشەككە نىسبەتەن ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتى بولمىسا كېرەك. ئىنسان چەكلىك ھاياتىدا ئاجايىپ ئىشلارنى قىلىپ ئۈلگۈرۈشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇنى ئۇنىڭ قانداق ياشىغانلىقى بەلگىلەيدۇ. كىشىنىڭ قانچىلىك ياشىغانلىقىغا

ئەمەس، قانداق ياشىغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئادەم ئەلەيھىسسالام، نوھ ئەلەيھىسسالام، لوقمان ھەكىملەر 1000 يىلغا يېقىن ياشىغان. ئارىمىزدىمۇ نۇرغۇن ''ئۆمۈر چولپانلىرى'' بولۇشى مۇمكىن. قاراڭ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام چارەك ئەسىردە (23 يىل) ئەرەب تارىخىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلىسىز ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. بەلكىم بۇ، ئىنسان خالىسا ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشارە بولسا كېرەك.

ئىنسانغا نىسبەتەن ھەقىقىي قىممەتلىكى ۋاقىتلا ئەمەس، توغرا ۋاقىت قارىشىدۇر. نېمە ئۈچۈن شەبى قەدر كېچىسىنىڭ قىممىتى مىڭ ئايدىن ئۈستۈن بولىدۇ؟ ئۇ كېچە باشقا كېچىلەردەك ۋاقىت ئىچىدىغۇ؟ نېمە ئۈچۈن جىنازا نامىزىغا ئەگەشسە تاغدەك ساۋاب بېرىلىدۇ؟ بىر كۈندىكى ۋاقىتلار ئىچىدىمۇ سەھەرنىڭ ۋاقتى نېمە ئۈچۈن بەرىكەتلىك؟ رامىزان ئېيى نېمە ئۈچۈن باشقا ئايلارغا قارىغاندا بەرىكەتلىك؟ ھەرەم مەسچىتىدە ئوقۇلغان ناماز بىلەن باشقا مەسچىتلەردە ئوقۇلغان نامازنىڭ ساۋابى نېمە ئۈچۈن پەرقلىق؟ بۇ يەردىكى پەرق دەل قىممەتتىدۇر. ئەگەر سىز قەدر كېچىسىنى پاراڭلىشىپ ئۆتكۈزسىڭىز (گەرچە سىز ئۇيقۇسىز ''جاپا'' تارتقان بولسىڭىزمۇ) (بۇ يەردە بىھۇدىلىك نەزەردە تۇتۇلىدى) مىڭ ئايلىق ئەجىر بېرىلمەسلىكى مۇمكىن. تاغدەك ساۋاب دېگەننىڭ كەينىدە تاغدەك مەنا بار. جىنازا نامىزىغا ئەگىشىشتىمۇ چوقۇم ئۆلۈم ھەققىدە ئويلىنىش كېرەك، بۇ ماھىيەتتۇر. ئاللاھ ئىنسانغا شۇنداق دەقىقىلەرنى ئىنئام قىلىشى مۇمكىنكى، ئۇنىڭ قىممىتى بارچە نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

بۇ دۇنيادىكى ۋاقىت ئۆلچىمى بىلەن ئۇ دۇنيادىكى ۋاقىت ئۆلچىمى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن. ئاللاھ. **''پەرىشتىلەر ۋە روھ (يەنى جىبرىئىل) ئاللاھقا شۇنداق بىر كۈندە ئۆرلەيدۇكى، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 50 مىڭ يىل كېلىدۇ''** {سۈرە«مائارىج»(70- سۈرە)، 4- ئايەت} دېگەن.

ئۆلۈم ئالدىدا بارچە ئىنسانلار باراۋەردۇر. قانداق باراۋەر؟ ئەجەلنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئوخشىمايدىغۇ؟ دېيىلىشى مۇمكىن. توغرا، ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئوخشىمايدۇ. ئەمما، ھەممە ئىنسان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆلۈمگە نىسبەتەن پوزىتسىيە ئوخشاش ئەمەس. بىز ھەر ۋاقىت ئۆلۈپ كېتىشىمىز مۇمكىن. گاھىدا دەقىق كېچىكىش مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەتتۇر. ھېچبىرىمىز ''مەن گۇناھسىز'' دېيەلمەيمىز. ''مەن ۋاقىتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلاندىم'' ھەم دېيەلمەيمىز. مۇشۇمۇ گۇناھىمىز بولۇشى مۇمكىن(بىھۇدىلىك نەزەردە تۇتۇلدى).قاراڭ، ئىسلام نېمە دېگەن رەھىمدىل- ھە! ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ. ھىجرەتتىن ئاۋۋالقىنى سۈرۈشتە قىلمايدۇ، ھەقىقىي تەۋبىنىڭ ئالدىدىكىنى كەچۈرىدۇ. ھەجدىن كېيىن ئىنسان ئانىدىن يېڭى تۇغۇلغاندەك بولىدۇ. ناماز روھنى يۇيىدۇ، ئەجىر تىلەپ رامىزان روزىسىنى تۇتسا ئىلگىرىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ...

ئەنە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئىنسانلارنى يېنىغا چاقىرماقتا، 23 يىلدا ئاجايىپ ئالەمشۇمۇل ئىشلار ۋۇجۇدقا كەلدى. ئەنە، بۇخارى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ھەقىقەت دۇردانىلىرىنى ئىزدەپ سەپەر قىلماقتا، ئابدۇقادىر داموللام ئاشۇ سۆيۈملۈك ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ «تەجۋىد تۈركىي»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «ئەقائىد زەرۇرىيە» قاتارلىق كىتابلىرىغا قەلەم تەۋرەتمەكتە... بىز بۇلارنى ''ئۆلدى!'' دەمدۇق؟

بىز ئىسراپچىلىق ھەققىدە قايتا پىكىر قىلىشىمىز كېرەك. ئەي ئىنسانلار! قايتا پىكىر قىلىشىمىز كېرەك! يالغۇز مال- دۇنيانى ئىسراپ قىلىش چوڭ ئىسراپچىلىق ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىسراپچىلىق كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئۇ دەل ۋاقىت ئىسراپچىلىقىدۇر. ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ئەڭ ئېغىر مەسىلىدۇر. بۇنى ئويلىسا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ، يۈرىكى ئاغرىپ كېتىدۇ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كېتىدۇ... ئەتراپىمغا باقتىم. يۇرتىمىزدا دوقمۇش-دوقمۇشلاردا قارتا ئويناپ ئولتۇرغانلارنى كۆپ كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كۈنى مۇشۇنىڭ بىلەنلا ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىدا قىلىدىغان باشقا ئىشلىرى يوقمىكىنە؟! 52 قەغەزنىڭ ئۇلارنى ئەسىر قىلىۋالغانلىقىغا ھەيرانمەن. تېخى ئۇ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى 100 چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرىمىش...

بەختكە قايتا تەبىر بېرىش كېرەك. بىز بەختكە ''خۇشاللىق، غەمسىزلىك'' دەپ تومتاقلا جاۋاب بېرىمىز. توغرا، ئەمما بۇ بىر تەرىپى. دۇنيادىكى زىيادە غەمسىزلىكمۇ بەختسىزلىكتۇر. بىزدە بىغەملەر يەتكۈچە بار. قورقۇش ۋە ئۈمىد( يەنى قورقىدىغان چاغدا قورقۇش، ئۈمىدلىنىدىغان چاغدا ئۈمىدلىنىش) ھەقىقىي دۇنيا بەختىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىلىشىمۇ بەختتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئاگاھ بولايلىكى، ۋاقىتنى جەلپ قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر بۈگۈنكى كۈنىمىزدە كۆپ. بىزنىڭ بۇ ئىشنى قىلغۇمىز يوق، ئەمما قىلدۇق؛ بىزنىڭ بۇ ئىشنى قىلغۇمىز بار، ئەمما قىلالمىدۇق. قاتتىق سۆكەك بولمىساق دۇنيادىكى ئۇششاق ئىشلار ۋاقتىمىزنى يەپ كېتىدۇ. ئۆتمۈش چۈشتەك بىلىنىدۇ-دە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزىمىزنىڭ سەكراتتا ئىكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز.

ئىنچىكە مەسىلە: ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىق كۈنلىرىنىڭ قەدرىنى بىلمىكىدۇر. ئىنسان ساق ۋاقتىنىڭ، ياش ۋاقتىنىڭ، ھايات ۋاقتىنىڭ قەدرىنى بىلىشى كېرەك. ھەرگىزمۇ بىخۇدلۇق قىلماسلىقى كېرەك. ياشلىقىمىزدا كېيىنلىكىمىزگە، ھاياتىمىزدا ئۆلۈمىمىزگە تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك. دۇنيا ئاخىرەت ئۈچۈندۇر. بىر ئۇستازىمىز شۇنداق دېگەن: ”ياشلىقتا ھەممە ئىش قاملىشىدۇ، ئىبادەتنىمۇ ئاجايىپ قاملاشتۇرۇپ قىلغىلى بولىدۇ. گۇناھ قىلاي دېسىڭىزمۇ ئەپلەپ قىلىۋەتكىلى بولىدۇ...“.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ 10- 20 يىللىق ۋاقتىنى باشقۇرغۇچىلاردۇر( يەنى ئورۇنلاشتۇرغۇچىلاردۇر). ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ مەزگىلى بولغان بۇ ۋاقىت ئاتا-ئانىلارنىڭ پەرزەنت تەربىيىسىگە باغلىق.

ئىنسانلار گۇناھ ئۆتكۈزمەكتە. ئەگەر سىز مۇنكەر ئىش قىلىۋاتقان بىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: ” بۇنداق قىلماڭ، بۇ گۇناھ“ دېسىڭىز. ئۇ سىزگە: ”ھازىر دېگەن قايسى دەۋر! “ دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇلار ئەتمىشلىرىنى زامانغا دۆڭگەپ قويىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: **”ئاللاھ تائالا:‘ئادەم بالىسى ماڭا ئازار بېرىدۇ. ئۇ زامانىنى تىللايدۇ، مەن زاماندۇرمەن( يەنى ئۇنى تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇرمەن ،ئۇنى ياراتقۇچىمەن)، ئىش مېنىڭ قولۇمدىدۇر. كېچە-كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىمەن‘ دېگەن“** (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان). ۋاقىت ئاللاھنىڭ بىر مەخلۇقىدۇر. بەزىلەر: ” ۋاقىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ“ دەپ بىلجىرلىشى مۇمكىن. ھەممىنى ھەل قىلىدىغىنى دەل ئاللاھتۇر. ۋاقىتنى بىر سائەت دەپ پەرەز قىلساق، ئاللاھ بۇ سائەتنى باشقۇرغۇچىدۇر. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قېتىم ئېسىل دۇلدۇللارنى دەپ ناماز پېشىننى تەخىر قىلىپ قويغىنىنى ۋە ئاللاھنىڭ ۋاقىتنى كەينىگە ياندۇرۇپ بەرگىنىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھە قىلىدىغان كۈنى ۋاقىتنى بىر سائەت ( بىر مەزگىل) توختىتىپ بەرگىنىنى ئويلىغىنىمىزدا بۇ قاراش تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە ھەم مۇنداق دېيىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **”ئەھلى جەننەت جەننەتكە، ئەھلى دوزاخ دوزاخقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلۈم ئېلىپ كېلىنىپ، جەننەت بىلەن دوزاخنىڭ ئارىسىدا توختىتىلىدۇ. ئاندىن بوغۇزلىنىدۇ. ئاندىن كېيىن بىر جاكارچى:‘ئى ئەھلى جەننەت! ئۆلۈم دېگەن تۈگىتىلدى. ئى ئەھلى دوزاخ! ئۆلۈم دېگەن تۈگىتىلدى‘ دەپ توۋلايدۇ. جەننەتتىكىلەر تېخىمۇ خۇش بولىدۇ. دوزاختىكىلەر تېخىمۇ قايغۇرىدۇ“** (ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان). قارىغاندا ئۇ چاغدا ۋاقىتنىڭ ئەھمىيىتى بولمىسا كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ ياشتىكى پەرقى ئۇلارغا ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرنى يۈكلىگەن، ئۆمۈرنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدىكى ۋەزىپە ئۇنىڭغا قېتىلىۋېرىدۇ. دېمەك، ئىشلىرىمىزنى ئۆز ۋاقتىدا تۈگىتىپ مېڭىشىمىز كېرەك. ئىبنى سىنا: ”18 يېشىمدا ھەممە ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولدۇم“ دېسە، ئىمام شافىئى: ” 16 يېشىمدىن كېيىن بىرەر جۈملىمۇ يېڭى بىلىم ئۆگىنىپ باقمىدىم“ دەپتىكەن.

ئىنسانلار مەلۇم ئىشلارنى قىلماقچى بولىدۇ. لېكىن، قىلالمايدۇ. بۈيۈك پەرۋەردىگار نېمە دېگەن رەھىمدىل-ھە! قىلالمىسىمۇ، ئويلىسا بىر ئەجىر بېرىدۇ.

چوڭ ئىشلارنى قولغا كەلتۈرگەنلەرلا ئەمەس، چوڭ ئىشلارنى قىلالمىسىمۇ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمىگەنلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلاردۇر.

ئىنسانلار ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ماشىنا، ئايروپىلانلارنى ياسىدى. ۋاقىتنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ ئىتتىكلەپ كەتتى. قىلىدىغان ئىشلار ئاۋۇپ كەتتى. رەسۇلۇللاھنىڭ: ”...زامان قىسقىرايدۇ“ دېگىنى شۇ بولسا كېرەك. توكيو، نيۇيورك، ۋاشىنگتون، لوندون... قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە كىشىلەر جىددىيلىك، ئالدىراشلىق سەۋەبى تۈپەيلى پىسخىك كېسەللەرگە ۋە نېرۋا كېسەللىرىگە گىرىپتار بولماقتا...

خۇددى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز ئەقىل زاپىسىمىزنىڭ ئازغىنا پىرسەنتى بولغىنىدەك، شۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمۇ ۋاقىت بايلىقىمىزنىڭ ئاز بىر قىسمى بولسا كېرەك. ھېسابسىز، ئېچىلمىغان يەر ئاستى بايلىقىمىزدىنمۇ كۆپ بايلىقىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ ۋاقىت ۋە ئەقىل-تەپەككۇر. ئاشۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنايلى! ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى! ( ئاللاھ شۇنىڭغا مۇۋەپپەق قىلغاي!)

(ئاپتور:شنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىنى پۈتتۈرگەن تالىپ؛

تەھرىرلىگۈچى:شەمشىدىن ھاجى)

# ئىسلام دىنىنىڭ ئىلىم-پەن قارىشى ۋە ئۇيغۇرلار

ئىبراھىم مۇھەممەد تۇردى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەسىر پويىزى ”ئېلېكترون-ئاتوم“ بېكىتىدىن ئۆتۈپ، ”ئېلېكترون-ئۇچۇر“ بېكىتىگە ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بىر پەيتتە پۈتۈن جاھان ئەھلى بۇ پويىزغا يېتىشىۋېلىش، چىقىۋېلىش نىيىتىدە تىرىشماقتا. ئەپسۇسكى، ئىلىم-ھېكمەتتە كامالەتكە يەتكەن مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئىزباسارلىرى بولمىش بىز ئۇيغۇرلاردىن كۆپلىگەن كىشىلەر يەنىلا جاھاندىن بىخەۋەر، بىغەم ۋە بىخۇد يۈرمەكتە. ئۇيغۇرلارنى بىلىدىغان باشقا ئەل ۋە مىللەتلەر شۇنىڭغا ھەيرانكى: بۇ مىللەتكە نېمە بولدى؟ زامانىۋى پەن-تېخنىكا ئۇلارنى يەكلەۋاتامدۇ ياكى ئاتا-بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسلام دىنى ئۇلارنىڭ ئىلىم ئىگىلەپ بۈگۈنكى تەرەققىياتقا ماسلىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتامدۇ؟ مىللىتىمىزنى ۋە دىنىمىزنى ھەقىقىي چۈشەنگەنلەر شۇنداق جاۋاب بېرىدۇكى: ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھەممىگە ئېنىقكى، ئىلىم-پەن ھەر قانداق بىر شەخس ۋە گۇرۇھنىڭ خۇسۇسىي تەئەللۇقاتى ئەمەس، ئۇنى كىم ئۆگەنسە، قوبۇل قىلسا بولىۋېرىدۇ. ئىسلام دىنىمۇ ئىنسانلارنى ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشتىن (مەيلى ئۇ دىنىي ئىلىم بولسۇن ياكى پەننىي ئىلىم بولسۇن) چەكلىمەك تۈگۈل، بەلكى ئۇنى ئۆگىنىشنى پەرز ھېسابلايدۇ. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دىكى 47-سۈرە «مۇھەممەد»نىڭ 19-ئايىتىدە: **”بىلگىنكى، ئاللاھتىن باشقا مەبۇد بەرھەق يوقتۇر“** دېدى. بۇ ئايەتنىڭ سۆز تەرتىپى ۋە مەنە ئېتىبارىدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىك، بارلىقىنى ھەقىقىي تونۇشى ئۈچۈن، ساغلام ئەقىل ۋە بىلىم ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. ۋە يەنە قۇرئاننىڭ نازىل بولۇش تەرتىپىدە 1-سۈرە دەپ قارىلىدىغان «ئەلەق» سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرىدە: **”ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر. ئۇ قەلەم بىلەن خەت يېزىشنى ئۆگەتتى، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى“** (1—5-ئايەتلەر). ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتى كەرىم ئارقىلىق ئوقۇش ۋە يېزىشنى ئۆگىنىشنى، بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلىشنى، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تېخىمۇ ياخشى تونۇپ، ھېكمىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ھەقىقىي ئېتىقادقا ئېرىشىشنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: **”ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ“** {سۈرە «فاتىر» (35-سۈرە)، 28-ئايەت}. ”ئالىم“ سۆزى ”ئەلەمە (بىلدى)“ دېگەن ئەرەبچە سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، ”بىلگۈچى“ دېگەن مەنىدە. ئەگەر بۇ يەردە ئاللاھ پەقەت دىنىي جەھەتتىكى ئالىملارنىلا كۆرسەتسە ئىدى، ”ئالىملار“ سۆزىگە دىنىي پۇراقتىكى بىرەر ئىبارىنى قىستۇرغان بولاتتى. دېمەك، بۇ سۆز دىنىي ۋە پەننىي جەھەتلەردە تەڭ يېتىلگەن ئالىملارنى كۆرسىتىدۇ.

بىراق ئۇزۇن مۇددەت بېكىنمىچىلىك ھالىتىدە ياشىغان ۋە جاھاننى ئاددىي كۆزدىلا كۆزىتىپ كەلگەن بىر قىسىم كىشىلىرىمىز ئۆزى يېڭىچە ئىلىملارغا، جۈملىدىن دىنىي ئىلىملاردىن باشقىلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكتىن سىرت، زامانىۋى ئىلىم ساھەسىدىكى كىشىلىرىمىزگە قانداقتۇر ”جەدىدىزىمچى، بىدئەتچى“ دېگەندەك بىمەنە ۋە ئەخمىقانە ناملارنى قويۇشماقتا. مۇشۇنداقلارغا رەددىيە تەرىقىسىدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: **”ئۇلار قارىمامدۇكى، تۆگىلەر قانداق يارىتىلدى؟ ئاسمان قانداق ئېگىز قىلىندى؟ تاغلار قانداق تۇرغۇزۇلدى؟ زېمىن قانداق يېيىتىلدى؟“** {سۈرە «غاشىيە» (88-سۈرە)، 17—20-ئايەتلەر}. بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالا زوئولوگىيە (ھايۋاناتلار ئىلمى)، ئاسترونومىيە (ئىلمى نۇجۇم)، گېئولوگىيە، جۇغراپىيىگە دائىر ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ، شۇ ئاساستا تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تولۇق


چۈشىنىشكە چاقىرىدۇ. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دىن ۋە پەن ھەرگىزمۇ بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، مۇستەھكەملەپ بارىدۇ.

تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، مىللىتىمىزدىن چىققان ئالىملارمۇ پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرغان. مەسىلەن، 11- ئەسىردە ياشىغان دۇنياغا مەشھۇر ئالىم مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: " ئى ئوغۇل مەندىن ئۆگۈت، نەسىھەت ئال. پەزىلەت تىلە، خەلق ئارىسىدا ئالىم بولۇپ ئىلىمگىنى تارات" دېسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ 3168- بېيىتىدە: "بارلىق چېگىش ۋە تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ، بىلىم ئىگىلە، ئىدراكلىق بول، ئەقىل بىلەن ياشا" دەيدۇ. بۇ ئىككى بۈيۈك ئالىمنىڭ ئىسلام مۇتەپەككۇرىغا خاس قاراشلىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە كىشىلىك ھايات بىلەن زىچ باغلانغان.

بۇندىن باشقا، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشاپ ئۆتكەن، شىنجاڭدا نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيىلىگەن ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى قايتىدىن گۈللەندۈرگەن ئالىم ئابدۇقادىر داموللامنى ئالساق، گەرچە ئۇنىڭ مەكتىپى دىنىي پۈراق كۈچلۈك مەكتەپ بولسىمۇ، ئۇ مەكتەپتە ئەرەب تىلى (مورفولوگىيە، سىنتاكسىس)، ھېساب ئىلمى، جۇغراپىيە، تۇپ ئەقىدىلەر ۋە گۆدەكلەرگە نەسىھەت... قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەنىكەن. بىراق ھازىرقى ئۇيغۇر دىنى ئالىملىرى ئىچىدىن قانچىلىكى ھېساب ۋە جۇغراپىيىنى بىلىدۇ؟ قانچىلىكى كومپيۇتېردا مەشغۇلات قىلالايدۇ؟ ئىنگلىز تىلىنى دېمەي تۇرايلى، خەنزۇ تىلىنى قانچىسى بىلىدۇ؟

ئىسلام دىنى يۇقىرىقىدەك دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنى بىرلەشتۈرۈشنى تەكىتلىسە، ئالىملار پەرزەنتلەرنى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا ئەۋەتىپ، ۋەتەن-مىللەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئويلاۋاتسا، بەزى مۇتەئەسسىپ مۇسۇلمانلىرىمىز پەرزەنتلىرىنىڭ پەننىي مەكتەپلەردە ئۆرلەپ ئوقۇشىغا يول قويماي، ئۇلارنى بۇرۇنلا ئۆيلەپ، ياش ئەۋلادلىرىنىڭ زېھنىنى تۇرمۇش بېسىمى ئارقىلىق چۈشەپ قويماقتا، بۇ ئارقىلىق ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىگە چاقچاق تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىشماقتا. ھەممىگە ئېنىقكى، ئاشۇ ئەۋلادلار كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى ئىدى. باشقا مىللەتلەر تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى سەپلىرىدە غالىبلارچە كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتلەردە بىز يەنىلا ئەجدادلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەپ ياشاۋەرسەك بولمايدۇ. بىزمۇ يېڭىچە تارىخ يارىتىشىمىز، يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا «قۇرئان كەرىم»نىڭ دەسلەپكى ئايىتى: "**ئوقۇ**" دىن تانغان، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىغان نادان، قالاق قەۋم بولۇپ قالىمىز. ئاخىرىدا ئاللاھ تائالادىن بىزدىمۇ پەن ۋە دىنىي جەھەتتە قابىلىيەتلىك ئالىملارنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىنى، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيمىز.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى تالىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# ئالدامچى ”موللا“ لاردىن هەزەر ئەيلەيلى

ئىدرىس قادىر

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

موللا دېگەن سۆز تىلىمىزغا ئەرەبچىدىكى ”مەۋلا“ دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، دىنىي ئىلىمدىن خەۋىرى بار خوجا، ئۇستاز دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. تۈركىي تىللار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار موللامنى يول باشلىغۇچى، ئۇستاز دەپ قارايدۇ ۋە ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ ھۆرمەتلەيدۇ ھەمدە ئاللاھقا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن موللامنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. مانا بۇلار مۇسۇلمان بەندىلەرنىڭ ئەزەلدىن ئاللاھنىڭ يولىنى تۇتىدىغانلىقىنى، بىلىمگە ئېتىبار بېرىدىغانلىقى ۋە بىلىمنى قەدىرلەيدىغانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىلىرى. نۇرغۇنلىغان ئىخلاسمەن، ياخشى نىيەتلىك، ئالىي پەزىلەتلىك تەقۋادار موللىلار ئۆزلىرىنىڭ نام-شەرىپىگە مۇناسىپ ھالدا ئىش كۆرۈپ، كىشىلەرنى ھىدايەتكە باشلاپ، ئاللاھ تائالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىۋاتىدۇ. بۇلار ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالانىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ياخشى بەندىسى بولۇشقا مۇناسىپ، ھۆرمەتكە سازاۋەر زاتلار. لېكىن نىيەت- ئىقبالى دۇرۇس بولمىغان ئاز ساندىكى بەتنىيەت ئادەملەر تەييار ھارام بايلىققا ئىگە بولۇشنى نىشان قىلىپ، تەقۋادار ”موللام“ سىياقىغا كىرىۋېلىپ، تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشقا سېلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، نادان ئادەملەرنى ئىشەندۈرۈپ ئالدايدۇ. مەسىلەن: بۇلتۇر موللا سىياقىدىكى بىر ئادەم يولدا يالغۇز كېتىۋاتقان بىر كادىرنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇنىڭغا: ”بىر بالا-قازا ئەتراپىڭىزدا ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ. يانچۇقلىرىڭىزدىكى پۇللىرىڭىزنى ماڭا سەدىقە قىلىۋەتسىڭىز، بالا-قازادىن خالاس بولىسىز“ دېگەن. ھېلىقى كادىر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ تىترەپ كەتكەن ۋە يانچۇقىدىكى پۇللىرىنى چىقىرىپ سەدىقە قىلىۋېتىپمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكەن. يەنە يېقىندا بىر ئاتالمىش ”موللام“ يولدا كېتىۋاتقان بىر دېھقاننىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنىڭغىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان گەپنى قىلغان، دېھقان دىنىي بىلىمدىن خەۋىرى بار ئادەم بولغاچقا، تۈرمۇشتا بۇنداق ئىشلارنى كۆپ ئۇچراتقاچقا، ”جۆيلىمە!“ دېگىنىچە بۇ ”موللام“نى ئەدەپلەپ يولغا سېلىۋەتكەن.

ئادەملەر ھەمىشە دېگۈدەك تىنچ-خاتىرجەم، باياشات، بەختلىك ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن ئامەت بىلەن ئاپەت قوشكېزەك بولغاچقا، تۇرمۇشتا ”ئون كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار“ دېگەندەك ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر كۈتۈلمىگەن تاسادىپىي ھادىسە، كېلىشمەسلىك، ئوڭۇشسىزلىقلارغا دۇچ كەلگەندە نېمە قىلارىنى دەرھال بىلەلمەي قورقۇش، تەشۋىشلىنىش، گاڭگىراش، قايغۇرۇش ئىچىدە قالىدۇ. دەل مۇشۇنداق پەيتتە بەزى نەپسانىيەتچى، قاراكۆڭۈل ”موللا“لارنىڭ بازىرى چىقىدۇ. ئۇلار رەمبال، جىنكەش، داخان، دۇئاگوي، پېرىخون سالاھىيىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، تۈرلۈك ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ، موللا تاپقاقلىق قىلىپ، نادان-ساددا كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىگە قارىتىۋالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتىدىغان سۆزى ”قەستتىن بولغان“ دېگەندىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ بۇ ھۆكۈملىرىنىڭ دەلىل-ئىسپاتى ئۈچۈن كۆرسىتىدىغان ماددىي پاكىتلىرىمۇ ئالاھىدە ھىيلە بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا چەت جايدىكى بىر ئائىلىدە بىر كىشى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان. ئائىلىسىدىكىلەرى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشكەن. بىراق ئارىدىن بىرسى بىر ”موللام“نىڭ ئىسمىنى چىقارغان ۋە ئۇنى ئەۋلىيا تەرىقىسىدە تونۇشتۇرغان، ئاخىر ئۇنى تەكلىپ قىلغان. ”موللام“ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈپ ئەتىسى بىمار ياتقان ئۆيگە كېلىپ: ”بۇ قەستتىن بولغان كېسەل،

دوختۇرغا كۆرسەتكەن بىكار، ئەركەك قارا پاقلاننىڭ تاغاق سۆڭىكى بولسىلا قەست قىلىنىپ كۆمۈلگەن نەرسىنى تاپقىلى بولىدۇ” دېگەن. كېسەلنىڭ ئىگىسى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىپ، پاقلاننىڭ گۆشىنى قازاندا پىشۇرغان. “موللام” گۆشنى پاكىز يەپ بولغاندىن كېيىن، تاغاق سۆڭەككە سىنچىلاپ قاراپ: “قەستنى قويىنىڭ قۇرۇق باش سۆڭىكىگە قىلىپ، ئۇنى مىخلاپ مازارلىققا كۆمۈپتۇ” دېگەن ۋە بۇ ئائىلىدىن ئىككى ئادەمنى باشلاپ مازارلىققا بېرىپ، توپىسى يېڭىلا قېزىلغان بىر يەرنى كولاتقۇزۇپ، مىخ قېقىلغان قۇرۇق باش سۆڭەكنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ، ئائىلىدىكىلەرنى ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەندۈرگەن ۋە “بۇ ئىشنى جىن قىلغان” دەپ، بىر ئۆينىڭ ئىشىك-تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى كىرگىلى قويمىغان. ئەتىسى ئەتىگەندە نەزىر ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، مەسچىتتىن يانغان جامائەتنى ئۆزى كېچىدىن بېرى تۈنىگەن ئۆيگە يىغىپ، ئۆزىدىن بىر مېتىر يىراقلىقتىكى تاش چەينەكنىڭ يېپىقلىق ئېغىزىنى “سۇف” دېيىش ئارقىلىق ئورنىدىن قوزغاپ مىدىرلىتىش يولى بىلەن “جىننىڭ ھەرىكىتى”نى كۆرسەتكەن. ئاخىرىدا “بۇ ئۆيدە جىن بار، ئۇنى قوغلاپ چىقارمىساق بولمايدۇ” دەپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆينىڭ تۆت تېمىغا قاراپ: “كۆچ-كۆچ، ئەسكى تۈگمەنگە بار، يالغۇز دەرەخنىڭ تۈۋىگە بار، كونا تاملىققا بار” دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، كۆپچىلىكنى ھەيران قالدۇرغان ھەم خېلى نام چىقىرىپ تونۇلغان. ئاخىرىدا ئۆي ئىگىسىنىڭ بىر تۇياق قويىغا دۇئا قىلىپ ئۇنى ئېلىپ كەتكەن. ئۆي ئىگىسى ئويۇننىڭ تېگىدە بىر ھىيلە-مىكىر بارلىقىدىن گۇمان قىلىپ، “موللام” كېتىپ بولغاندىن كېيىن، كىگىزنىڭ ئاستىدىن چەينەكنىڭ ئېغىزىغا باغلانغان بىر تال يىپنى تەكشۈرۈپ تاپقان. “موللام” ئولتۇرغان ئورۇندا تۇرۇپ پۇتى ئارقىلىق يىپنى تارتقاندا چەينەكنىڭ ئېغىزى جاراڭشىپ، “موللام”نىڭ سىرى ئاشكارىلانغان. يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بۇرۇن بىر كەسپتە ئىشلىگەن بىر پېشقەدەم بۇرادىرىم كېلىپ، بۇ ھەقتىكى ئىشلار توغرىسىدا ئۆزى بىلگەن بىر قاتار ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوخشىمىغان بىر ئىش شۇكى، نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تاغلىق يېزىغا بىر تەقۋادار “موللام” كېلىپ، “بويىغا يەتكەن قىزلارنىڭ ئېغىزىغا ئايەت ئوقۇپ تۈكۈرۈپ قويسام، ئۇ قىز قېرىپ ئۆلۈپ كەتكىچە ئېرىدىن باشقا ئەر كىشىگە قارىمايدىغان ئىپپەتلىك بولىدۇ” دېگەننى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان. بۇنىڭغا شۈبھىسىز ئىشەنگەن ئايرىم كىشىلەر “موللام”نىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، قىزلىرىنى “موللام”نىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگەن. “موللام” بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىت نەپسىنى قاندۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. موللام سىياقىغا كىرىۋالغان ھىيلىگەر، ئالدامچىلارنىڭ قىلمىشلىرىنى سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، پاكىتلارمۇ يېتەرلىك. يەنە بەزى چالا موللىلار ئۆزى مەيلىچە“ئۇنى قىلسا گۇناھ بولىدۇ، بۇنى قىلسا ساۋاب بولىدۇ” دېيىش، پەن-تېخنىكا يېڭىلىقلىرىغا قارىتا “بۇ شەيتاننىڭ ئىشى”دەپ پەتىۋا چىقىرىش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى خۇراپاتلىققا بۇراپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدۇ، مەزھەپچىلىكنى تەشۋىق قىلىپ، مۇقىملىققا تەسىر يېتىدىغان ئىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. ئاللاھنىڭ نامىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇقەددەس ئايەتلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى شىپى كەلتۈرۈپ (بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ)، ئۆزىنى تەقۋادار قىياپەتتە پەردازلاپ، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا ئەجىرسىز ھارام مەنپەئەتكە ئېرىشىدۇ. ئار-نومۇسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تىلەمچىلىك يولىغا مېڭىپ، ئىززەت-ئابرۇيىنى خار قىلىدۇ. بۇ ھال كىشىلەرگە كونىلاردىن قالغان “ھۆپۈپ كامادا، موللام تامادا”، “ھۆپۈپ چوقۇپ يەيدۇ، موللام ئوقۇپ يەيدۇ” دېگەندەك ھېكمەتلەر دەل يۇقىرىقىدەك ھەقىقىي موللا ئەمەس، بەلكى ئالدامچىلىق، ساختىلىق بىلەن جان باقىدىغان بىر قىسىم كىشىلەرگە قارىتىلغان. تەقۋادار موللا سىياقىغا كىرىۋالغان بۇنداق ئالدامچىلار ئىنتايىن ئاز ساندا بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن يامان، ئۇلار ئەنە شۇنداق رەزىل قىلمىشلىرى ئارقىلىق دىنىمىزنىڭ بايراقدارى بولغان ھەقىقىي بىلىملىك پەزىلەتلىك، نام-ئابرۇيلۇق موللىلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ، ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ، بۇنداقلار ھامان جامائەتنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلماي قالمايدۇ. بىزمۇ ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، يولىنى توسۇپ، ھەقىقىي موللىلىرىمىزنىڭ نوپۇزىنى ساقلىشىمىز لازىم.

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# خالىس ئىبادەت ۋە ئىمام-خاتىپلار ئەجرى

مىجىت ئىسلام داموللا ھاجىم

بسم الله الرحمن الرحيم
(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزدا بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىش مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ئىپادىسى، شۇنداقلا ئىماننىڭ مېۋىسى، جەننەتكە كىرىشنىڭ ۋاستىسى، ئەمما قىلغان ئىبادەتلىرىمىز چوقۇم خالىس، ساپ بولۇشى شەرت.

ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەيدۇ: **"ساڭا بىز بۇ كىتابنى ھەقىقەتەن ھەق بىلەن (يەنى ھەقىقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) نازىل قىلدۇق، دىنىڭنى شېرىكتىن( ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن. بىلىڭلاركى، (شېرىكتىن ۋە رىيادىن) ساپ دىن ئاللاھقا خاستۇر"** {سۈرە «زۇمەر» (39-سۈرە)، 2-ئايەت ۋە 3-ئايەتنىڭ بىر قىسمى}

بۇ ئايەتتىكى "ساپ" دېگەن سۆز بولسا، ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەتلەر شېرىكتىن، رىيادىن، دۇنيالىق پايدا-مەنپەئەت ۋە تۈرلۈك غەرەزلەردىن ساپ بولۇشى كېرەك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبادەت قىلغاندا دۇنيا تەئەللۇقاتىدىن ئالاقىنى ئۈزگەن ھالدا پەقەت ئاللاھ رىزالىقىنى دەپلا ئىبادەتلەرنى خالىس قىلىشىمىز كېرەك.

بەزى جايلاردا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىبادەتلەرنىڭ ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان قىسمەن ئەھۋاللار مەۋجۇت. مەسىلەن: مېيىت نامازلىرىدا، رامىزان ئېيىدا ئوقۇلىدىغان خەتمە-تاراۋىھلاردا ئىمام-قارىيلارغا جايلارنىڭ ئادەتلىرى بويىچە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ھەق بېرىلىدىغان ئەھۋاللار بار. بۇ ھەقلەر گەرچە مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش ھەققى ۋە خەتمە تەراۋىھ ئوقۇش ھەققى دېيىلمىگەن تەقدىردىمۇ باشقا ۋاقىتتا بېرىلمەي پەقەت مۇشۇ خىل ئىبادەتلەردىن كېيىن بېرىلگەن بولغاچقا بەرىبىر ئىبادەتكە ھەق ئالغانغا ئوخشاپ قالىدۇ-دە، ئاللاھ تائالانىڭ: **"دىنىڭنى شېرىكتىن(ۋە رىيادىن) ساپ قىلغىنىڭ ھالدا ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىن"** دېگەن بۇيرۇقىغا ۋە ئۆزىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى تەشۋىقاتىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالىدۇ. ئەبۇ ھۈرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: **"مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمانغا بەش ھەققى بار: سالام قايتۇرۇش، كېسەل يوقلاش، جىنازىغا ئەگىشىش، چاقىرغۇچىغا ماقۇل بولۇش، چۈشكۈرگۈچىگە دۇئا قىلىش"** (بۇخارى، مۇسلىم رىۋايەت قىلغان).

ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزئارا مۇشۇ ھەقلەرنى بەدەلسىز ياكى ھەقسىز ئادا قىلىشى ۋاجىپ دېگەن ئۇقۇم روشەن بايان قىلىنغان. مېيىت نامىزى ئوقۇش، ئۇزۇتۇش، دەپنە قىلىش ئىشلىرى ھەدىستە دېيىلگەن ھەقلەردىن بولۇپ، مۇسۇلمانلار بۇ ھەقلەرنى چوقۇم خالىس ئادا قىلىشى، ھەدىس شەرىفنىڭ روھىغا ئەمەل قىلىشى، ئىبادەتلەرنى پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قىلىشى كېرەك.

مېيىت نامىزى ئوقۇش پەرز كىفايە، خەتمە تاراۋىھ ئوقۇش سۈننەت بولغان ئىبادەتلەردۇر. بىز بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان كۈندىلىك بەش ۋاق پەرز نامازنى، شۇنداقلا جۈمە نامىزى ۋە ئىككى ھېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز. بىراق مۇشۇ نامازلاردىمۇ ھەق ئېلىش-بېرىش ئىشلىرى بولمايدىغۇ؟ بىز مۇسىبەت قايغۇسىدا تۇرىۋاتقانلاردىن پايدىلىنىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا خالىس ياردەم قىلىشىمىز، روھىي تەسەللىي بېرىشىمىز، ئاش-تائام يېگۈزۈپ ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ مال-مۈلكى ۋارىسلىرىنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ۋارىسلار كۆپ ھاللاردا يېتىملەر بولىدۇ، بۇ ماللاردىن مېيىت نامىزىدا ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: **"زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال-مۈلكىنى(ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا(قىيامەت كۈنى يېنىپ تۇرىدىغان) ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ، ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا(يەنى**

**دوزاخقا) كىرىدۇ** ”{سۈرە«نىسا»(4-سۈرە)، 10-ئايەت}. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**ھالاك قىلغۇچىدىن ساقلىنىڭلار**“ دېگەن، ئۇنىڭ بىر مەزمۇنى يېتىملارنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋېلىشتۇر. ئەلۋەتتە كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە قۇرئان تامام قىلغاندا، ئايىتى شىفا ئوقۇغاندا، نىكاھ ئوقۇغاندا ساھىبخانىنىڭ ئىختىيارلىقى بىلەن قىلغان كۆڭۈل سوۋغىسى قوبۇل قىلىنسا بولىدۇ. ئىبنى ئاباس(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) دىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر جامائە(ئەتراپىدا ئائىلە ئولتۇراقلاشقان) بىر سۇ بويىدىن ئۆتتى. ئائىلىلىكلەر ئارىسىدا چايان چېقىۋالغان بىرسى بار ئىدى. سۇ ئەھلىدىن بىر كىشى ساھابىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: ”سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا دۇئا ئوقۇيالايدىغان كىشى بارمۇ؟ سۇ ئەھلى ئىچىدە چايان چېقىۋالغان بىر كىشى بار ئىدى“ دېدى. ساھابىلاردىن بىر كىشى بېرىپ بىر قانچە قويغا دېيىشىپ سۈرە «فاتىھە»نى ئوقۇدى، كېسەل ساقايدى. ئۇ قويلارنى ساھابىلارنىڭ قېشىغا ئەكەلدى. ساھابىلار بۇنى كەرىھ كۆرۈپ: ” سەن ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەجرى ئالدىڭ“ دېدى. ئۇلار مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھقا: ”ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ئۇ ئاللاھنىڭ كىتابىغا ئەجرى ئالدى“ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**سىلەر ئەجرى ئالغان نەرسىنىڭ ئەڭ ھەقلىق بولغىنى ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر**“ دېگەن(بۇخارى رىۋايىتى). يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”**سىلەر توغرا قىلدىڭلار، تەقسىم قىلىڭلار ۋە ماڭىمۇ سىلەرنىڭ قاتارىڭلاردا بىر ئۈلۈش بۆلۈپ بېرىڭلار**“ دېگەن. باشقىلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەردە ئاتىغان كۆڭۈلنى قوبۇل قىلىشقا بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنى ئاساس بولالايدۇ.

توي قىلىش بولسا، مەلۇم ئىقتىساد چىقىم قىلىش ئارقىلىق تائام تەييارلاپ، ئۇرۇق-تۇغقان، يۇرت-جامائەتلەرنى چاقىرىپ، تائامغا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ توي خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىش، بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا نېمىتىگە تەشەككۇر بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چاقىرىلغان مېھمانلار قاتارىدا نىكاھ ئوقۇغۇچىمۇ بار. شۇڭا مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش، بولۇپمۇ ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىش ئۆزىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق بولىدۇ. توي خېتى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بىر مۇنچە پۇل خەجلەپ توي قىلغان قىز-يىگىتلەر ئىسلام دىنىمىزدا پەقەت نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىنلا بىر-بىرىگە ھالال بولىدۇ. شۇڭا نىكاھ ئوقۇغۇچىغا بېرىلگەن سوۋغىمۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلغانلىق بولىدۇ.

ئىمام-خاتىپلارنىڭ، مۇئەززىنلەرنىڭ ۋە مەسچىت خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولسا، جامائەتلەر ياردەم بېرىدۇ. چۈنكى ئىمام-خاتىپلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ۋاقتى جامائەتلەرنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىش، مېيىت ئۇزۇتۇش، نىكاھ قىلىش ۋە توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا بېرىش قاتارلىق مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئۆتىدۇ. ئۇلار يەنە تەشكىل ئۇيۇشتۇرغان تۈرلۈك يىغىنلارغا ۋە ئېكسكۇرسىيەلەرگە بارىدۇ. قىسقىسى، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى تولۇق ھەل قىلىشقا ۋاقتى يېتىشمەي قالىدۇ. ئەگەر يۇقىرىقى پائالىيەتلەردىن بىرەرسىگە قاتناشمىسا ئۇلار ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىمىغان بولىدۇ. شۇڭا جامائەت ئۆزلىرىنىڭ ئىمام-خاتىپلىرىنىمۇ ئويلىشى، ئىمام-خاتىپلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ جامائىتىنى ئويلىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىناق بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىفىلىككە تەيىنلەنگەن ۋاقىتتا مۇنداق دېگەن: ”ھەقىقەتەن مېنىڭ تىجارىتىم ئائىلەمنىڭ تۇرمۇشىنى قامداشتىن ئاجىز كەلمەيدىغانلىقىنى قەۋمىم ئەلۋەتتە بىلدى. مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل قىلىندىم. ئەمدى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسى مۇشۇ مالدىن (يەنى بەيتۇل مالدىن) يەيدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ“(بۇخارى رىۋايىتى). ئىبنى سەئدى ئىشەنچلىك ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”ئەبۇ بەكرى خەلىفىلىككە تەيىنلىنىپ ئەتىسى ئەتىگەندە تىجارەت قىلىدىغان رەختلەرنى بېشىغا ئارتىپ بازارغا باردى. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئەبۇ بەكرىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ: ‹سەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە قىلىنغان تۇرۇپ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟› دېدى. ئەبۇ بەكرى: ‹ئۇنداقتا ئائىلەمگە نەدىن تائام بېرىمەن؟› دېدى. ئۇلار: ‹ساڭا (تائام) بەلگىلەپ بېرىمىز› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەبۇ بەكرىگە ھەر كۈندە يېرىم قوي بەلگىلەپ بەردى(بۇنىڭغا ساھابىلار بىرلىككە كېلىپ ئىجمائ قىلغان). شۇڭا جامائەت قىيىنچىلىقى بار ئىمام-خاتىپلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى توغرا ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ھالدا

ئۆزلىرىنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەتلىرىگە ياخشى رىياسەتچىلىك قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. دىنىي زاتلارمۇ ۋەزىپىلىرىنى ياخشى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، مۇمكىنقەدەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزلىرى قامدىشى، ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىشى كېرەك. ھازىر كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكى بىلەن تۇرمۇشىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزمەكتە. بەزىلىرى تېخى ئىگىلىك يارىتىپ ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ، ساخاۋەت قوللىرىنى ئېچىپ ئەتراپىدىكى مۇھتاجلارغا ياردەم قىلماقتا. مانا بۇلار بىز پەخىرلىنىدىغان دىنىي زاتلاردۇر.

مىقتاد ئىبنى مەئدىكەرەبە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"كىشىنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ يېگەن تامىقى ئەڭ ھالال تاماقتۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەمگىكىگە يۆلىنىپ ياشايتتى"** (بۇخارى رىۋايىتى).

دىنىمىزدا كۆرسىتىلگەن ئەڭ ياخشى تائام ئۆز ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن تائامدۇر. بىز مۇشۇنداق ئەڭ ياخشى تائامنى يېيىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: شىنجاڭ توقسۇ ناھىيىسىدىن، مەسچىت ئىمامى ۋە خاتىپى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ياخشى دوستنىڭ مۇھىملىقى

روھ ۋە ئەقلنى ئىشقا سېلىشتا دوستلۇقنىڭ چوڭ بىر ھەسسىسى بولىدۇ. ياخشى بىر دوستلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتى دوستلۇقنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكتىن يىراق بولۇشى، ئاللاھ تائالانىڭ رىزاسى بىلەن ياخشىلىق ۋە ئىمان ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشىدۇر.

كىشىنىڭ جەمئىيەت ئىچىدە ئۇتۇق قازىنىشى ۋە ھۆرمەتلىك بولۇشىدا دوست-بۇرادەرلىكنىڭ ئەھمىيىتى چوڭدۇر. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: **"كىشى سەمىمىي دوستىنىڭ دىنى (ئەخلاقى) دائىرىسىدە بولىدۇ، ئۇنداق بولسا سىلەردىن بىر كىم ئۆزىنىڭ كىم بىلەن دوست بولغانلىقىغا ئوبدان دىققەت قىلسۇن"** («فەتھۇل كەبىر» 2-قىسىم، 40ب-بەت). بۇ يەردە ئېيتىلغان مۇھىم بولغان ياخشى دوستلارغا ئېرىشمەك — داۋاملىق ۋە ساغلام دوستلۇق بەرپا قىلىشتۇر. (ھەقىقىي)دوستلاشقانلار ئىشتا بىر-بىرىگە ياردەمچى بولىدۇ، ھەقلىرىگە ياردەمچى بولىدۇ، (بىر-بىرىنى)ئوساللىق ۋە گۇناھلاردىن ساقلايدۇ.

ساداقەتمەن، نومۇسچان، ياخشىلىق سۆيىدىغان، جەسۇر، تىرىشچان، مەرت، دۇرۇس، ئىدىيە-چۈشەنچىلىرىدە مۇستەھكەم دوستلارغا ئېرىشمەك ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىندۇر. ھەقىقىي دوست ئۆز دوستىنى بۇ دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېلىپ بارالايدۇ. نەس باسقۇر، ئەسكى، ناچار دوستلار بولسا مەغلۇبىيەتنىڭ، يامان ئادەتلەرنىڭ، ئىنسانىي ئالاھىدىلىكلەرنىڭ يوقۇلۇشىنىڭ، پىكىر-چۈشەنچىدىن ئايرىلغان زورلۇق ۋە تېررورلۇق پاتقاقلىرىغا ھەيدىلىشىنىڭ، تاماكا، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئىچىملىك ئىللىتىگە گىرىپتار بولۇشنىڭ، قىسقىسى، ھاياتتا يامان بىر ئاقىۋەتكە ئۇدۇل مېڭىشنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: **"ياخشى دوست ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ساڭا ھېچنېمە تەگمىدى دېگەندىمۇ ئۇنىڭ پۇرىقى تېگىدۇ. يامان دوست كورەكچى(ئوت پۈۋەيدىغان كورەك باسقۇچى)نىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ساڭا كورەكنىڭ ئىسى تەگمىسىمۇ، تۈتىنى تېگىدۇ"** («مىشكاتۇل مەسابىھ»).

ياخشى ۋە سەمىمىي دوست كىشىنىڭ ئەبەدىي بەخت-سائادىتىگە تۈرتكە بولغاندەك، يامان دوست كىشىنىڭ نابۇت بولۇشىغا، خارلىنىشىغا ۋە ئەبەدىي زىيان-زەخمىتىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا دوست تاللاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

(تۈركچىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

# ئىمام-خاتىپلىرىمىزنىڭ بۇرچى

يۈسۈپ قادىر مەھەممەت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

"ئىمام" دېگەن ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "رەھبەر، يېتەكچى، داھى، باشلىق، يولباشچى" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھەر قانداق بىر ئىمام(جامائەتكە باش بولغۇچى)نىڭ مۇسۇلمانلارغا ياخشى يولباشچى، يېتەكچى بولۇشى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ياخشى ئىدارە قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىپ، ئىمان ئەقىدىسىنى ۋە تۈرلۈك ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دىنىمىزنىڭ مىزانىغا سېلىپ تۇرۇشى كېرەك.

"خاتىپ" مۇ ئەرەبچە سۆز بولۇپ، "سۆھبەت بايان قىلغۇچى، خۇتبە ئوقۇغۇچى، سۆز سۆزلىگۈچى" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ھەر بىر خاتىپ خۇتبە سۆزلىگەندە توغرا، مەزمۇنى ساغلام، ئېنىق بولغان، ئاللاھ تائالا ياقتۇرىدىغان، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز قىلغان ۋە قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئەمەللەرنى ھەم دېگەن سۆزلىرىنى مۇسۇلمانلارغا ھەققىي، تولۇق يەتكۈزۈشى ھەمدە ئۆزلىرىنىمۇ شۇ ھۆكۈم بويىچە ئىدارە قىلىپ، مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە بولۇشى لازىم.

ئاللاھ تائالا: **"ھەقنى باتىلغا(يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە)ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار"** {سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 42-ئايەت} دەيدۇ. مەزكۇر ئايەتتىن شۇنى بىلىمىزكى، ئۇلۇغ ئاللاھ تائالا ھەر قانداق ئادەمنىڭ «قۇرئان كەرىم» كۆرسەتمىگەن ھەر قانداق بىر ئەمەلنى ئىبادەت قاتارىغا كىرگۈزۈۋېلىشىنى، «قۇرئان كەرىم» كۆرسەتكەن ھەر قانداق ئىشنى ئىبادەت قاتارىدىن چىقىرىۋېتىشىنى، چىقىرىۋەتمىگەندىمۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىگە لايىق قىلماسلىقنى مەنئىي قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام-خاتىپلىرىمىزنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ يوليورۇقىنى جامائەتكە ئەينەن يەتكۈزۈشى، بىلمىگەننى بىلدۈرۈشى، بۇ جەرياندا پىتنە-ئىغۋاچىلارنىڭ مالامەتلىرىدىن قورقماي، ھەقنى يوشۇرماي سۆزلەپ، جامائەتكە دادىل يېتەكچىلىك قىلىشى بەكمۇ مۇھىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ھەممىڭلار بىر پادىچىغا ئوخشايسىلەر، شۇنىڭدەك ئىمالارمۇ پادىچىغا ئوخشايدۇ. ئەر ئايالىغا، ئايال بالىلىرىغا، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مېلىغا، بالا ئاتىسىنىڭ مۈلكىگە مەسئۇلدۇر. سىلەرنىڭ ھەر بىرىڭلار ئۆزەڭلارغا تەئەللۇق نەرسەڭلارغا مەسئۇل بولىسىلەر"** دېگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن، ھەر قانداق ئىمام-خاتىپ ئۆز قەۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ قىلغان ياخشى-يامان ئەمەللىرىنىڭ ھېسابىغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام-خاتىپلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، نامازدىن ئىبارەت جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشتىن باشقا يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ بىردىنبىر دەستۇرى بولغان «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزۈشى، ئىسلام ئەقىدىسىگە دائىر ئىلمىي ساۋاتلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى دائىرىسى ئىچىدە چۈشەندۈرۈپ، جامائەتنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. بەزى ئىمام-خاتىپلىرىمىز ئۆزى ھەقنى بىلىپ تۇرسىمۇ جەمئىيەتكە باپ كەلمەيدىغان، جامائەت رازى بولمايدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ **"جامائەتنىڭ رايىغا بېقىڭلار"** دېگەن ھەدىسى بويىچە ھەقنى سۆزلىمەي، ھەقنى يوشۇرۇپ، ئۆزىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنى ئالدىماقتا. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"يېقىمسىز، ئاچچىق بولسىمۇ ھەق سۆزنى سۆزلىگىن"** دېگەن. شۇڭا ئىلىم ئىگىسى بولغان ھەر بىر ئىمام باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر ھەقنى سۆزلىشى لازىم، بۇ بەكمۇ مۇھىم. چۈنكى ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»دىكى بايانلار، رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىدىكى سۆزلەر ۋە ھەرىكەتلەرنى ياقتۇرمىغان ئادەم غەيرىي مۇسۇلماندۇر. ئىمام-خاتىپلار ئۇلارنىڭ مالامەت قىلىشىدىن قورقماستىن مەسچىت مۇنبەرلىرىدە جامائەتكە توغرا يول كۆرسىتىشى لازىم. رەسۇلۇللاھنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرى نەزىرىمىزدە بولسۇن:

**"ھەقىقىي مۆمىن كىشى غەيرەتلىك بولىدۇ. ئاللاھ**

ئەڭ غەيرەت ئىگىسىدۇر"؛ "ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بىر ئاللاھتىن قورقىمەن، ئۇنىڭدىن غەيرىيدىن (ئىنسانلاردىن) قورقمىغىن"؛ "سىلەر ئاتىلىرىڭلارنىڭ ۋە ئۇستازىڭلارنىڭ ياخشى (ئاللاھ بۇيرۇغان ھەم ياقتۇرىدىغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىش-پائالىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان) ئەمەللىرىگە ئەگىشىڭلار. ئۇلارنىڭ ئەيىبلىك (ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان) يامان (ئۆزى ئويدۇرۇپ چىقىپ مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرىدىغان، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش-پائالىيەتلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان) ئەمەللىرىگە ھېچ بىرىڭلار ئەگەشمىسۇن"؛ "بىدئەت (ئاللاھ كۆرسەتمىگەن، پەيغەمبىرىمىز قىلمىغان ھەم يول قويمىغان)نىڭ ھەممىسىنىڭ ئازغۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئازغۇنلۇقتا قالغان ئادەمنى توسمىسا، ئازغۇنلۇقتا تۇرغان ئادەمگە كەلگەن بالايى ئاپەت شۇنى توسمىغان ئادەمگىمۇ تەڭ كېلىدۇ"؛ بۇ ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىمام-خاتىپلىرىمىز غەيرەتلىك، شىجائەتلىك، باتۇر بولۇشى، ھەقنى سۆزلەشتە ئاللاھتىنلا قورقۇپ، ھەقنى ھەقىقىي يەتكۈزۈشى، شۇنداقلا ئاساسسىز، دەلىلسىز، بىدئەت ئىشلارغا قەتئىي يول قويماي، بىدئەتچىلىككە قارشى تۇرۇشى لازىم. ئاللاھ ھەممىمىزگە ساغلام ئىمان، ئەقىدە، ئەمەل ئاتا قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# پەزىلەتلىك ياش ئىمام

ئابلىمىت نۇجۇپ، ئابلىمىت قۇربان

سانجى ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، مورى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مورى بازىرى شىمالىي كۆۋرۈك مەسچىتىنىڭ ياش ئىمامى ئابدۇللا ئابابەكرى ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سورۇنلار بىلەن دىنىي زاتلار بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۆزىنى ئۆزى بېقىش، ئاممىنىڭ سېلىقىنى يەڭگىللىتىش، توي-تۆكۈن ۋە نەزىر-چىراغلارنى ئاددىي-ساددا ئۆتكۈزۈش توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىغا قەتئىي ئەمەل قىلىپ، دىنىي سورۇنلاردا بۇ ھەقتە ئاممىغا تەشۋىق قىلىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ ئاممىۋى خىزمەتلەردىكى ياخشى ياردەمچىسى بولۇش بىلەن، ئۆزىنىڭ سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى بولۇش فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە.

## ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆردى

دىنىي ئىشلاردىكى ئەنئەنىۋى قائىدىلەردە مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان ئادەم مەسچىتنىڭ ئۆيىدە ھەقسىز ئولتۇرۇش، مەسچىتنىڭ ئوتۇن-كۆمۈرلىرىنى ھەقسىز قالاش، چىراغ(توك) خىراجىتىنى مەسچىت كۆتۈرۈش، ھېيت كۈنلىرىدىكى سەدىقە-پىتىر، قۇربانلىق قىلىنغان قوينىڭ ئۈچەي-تېرىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئىمام ئۆزى ئېلىش ئارقىلىق تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي مەسچىتكە يۆلىنىۋالاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاممىدىن يىغىۋېلىنغان سېلىقلاردىن چىقىم قىلىناتتى. ئابدۇللا قارى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خالىي بولۇپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆردى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا بازار ئىچىدە تېرە-ئۈچەي يىغىپ سېتىپ، ئۆيىدە بورداقچىلىق قىلىپ بازار سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ ئارقىلىق روناق تېپىپ، 80 مىڭ يۈەنگە چوڭ قورۇ جاي سېتىۋېلىپ، قورۇسىدا مال بورداش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئۆز ھويلىسى مەسچىتكە يىراقراق بولغانلىقتىن نامازغا موتسىكلىت بىلەن كېلىپ قايتتى.

مەسچىتنىڭ 13 ئېغىز ئۆيىنىڭ ھەممىسىنى سودىگەرلەرگە ئىجارىگە بېرىپ، بۇ ئارقىلىق مەسچىتكە كىرىم قىلىپ، مەسچىت ئۆزىنى ئۆزى باقالايدىغان ۋە بىر قىسىم راسخوت ئۆزىگە ئېشىنىدىغان بولدى. بىر نەچچە يىللىق كىرىم ئارقىلىق بۇ يىل بۇ مەسچىت مەسچىتنىڭ كارىدور ۋە لاپاسلىرىنى ئەينەكلىك رىشاتكىلىدى. مەسچىت ئىچىنى بېزىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەسچىت سودا بازىرىدىكى مۇھىتى ياخشىلانغان بىر نۇقتىلىق ئورۇنغا ئايلاندى.

## قەبرىستان ۋە يوپۇق

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى ۋە مېيىتنى يەرلىككە قويۇش ئىشلىرىدىمۇ ھەشەمەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ، مېيىت سېلىنغان تاۋۇتنىمۇ ئايرىم ئاپتوموبىلغا سېلىپ ئېلىپ چىقىدىغان، قەبرىستانغا ھەر خىل ماشىنا ۋە پىكاپلار سەپ تارتىپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بۇ مەسچىتكە ئارىلىقى بىر يېرىم كىلومېتىر كېلىدىغان مۇشۇنداق يېقىن قەبرىستانغا تاۋۇتنى ياشلار كۆتۈرۈپ ئېلىپ بارىدىغان ئەھۋالمۇ

ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. قولىدا بارلارغۇ ھەر خىل ماشىنا-
پىكاپلارنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلەتسۇن، قولىدا يوق
نامراتلار قانداق قىلىدۇ؟ بۇ مەسىلە ياش ئىمام ئابدۇللانىڭ
كۆز ئالدىدىكى ھەل قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم بىر ئىشى بولۇپ
قالدى. شۇڭا ئۇ مەسچىتتە بولسۇن، ئۆلۈم-يېتىملاردا
بولسۇن، ئاممىغا: ''بىزنىڭ قەبرىستانىمىز ئانچە يىراق
يەردە ئەمەسقۇ؟ بىز ئەزەلدىن تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ
چىقىپ كېلىۋاتقان ئىدۇق. بىز ھېلىمۇ تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ
مېڭىشنى داۋاملاشتۇرايلى، ئۆيىدىن مېيىت چىققان
نامرات ئائىلىلەرنى كۆزدە تۇتايلى. قول ئىلكىدە بار
كىشىلەرمۇ تاۋۇتنى ئاپتوموبىلغا سالماسلىقى كېرەك'' دەپ
ۋەز-نەسىھەت قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مېيىتنى
كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىدىغان توغرا ئادەت ئەسلىگە كەلدى،
شۇنداقلا مېيىتنى ئېلىپ چىقىشتا ھەر قايسى
مەسچىتلەرگە سەدىقە قىلىنغان گىلەملەرنى تاۋۇت
ئۈستىگە ئارتىپ تاۋۇتنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ
ئابدۇللا ئىمامنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۆزگەرتىلىپ،
تاۋۇتنىڭ ئۈستىگە مەسچىتنىڭ يەڭگىل يوپۇقىنىلا
ياپىدىغان ئەھۋال مۇقىملاشتى.

## توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقلاردىكى تازىلىق

توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلارغا بارغاندا ئۆيگە
كىرگۈچە قول يۇيىدىغان، داستىخاندىن تۇرغىچە قولنى
لۆڭگىغا سۈرتىدىغان، يانغىچىمۇ قول چايقايدىغان ياخشى
ئادەتلىرىمىز بار. لېكىن قول يۇغاندا ھەممە كىشى
بىرلۆڭگىغا قول سۈرتىدىغان، داستىخان ئۈستىدىمۇ ھەممە
كىشى قولىدىكى مايلارنى بىر مايلىق لۆڭگىغا ئېتىدىغان
ئەھۋال ئومۇميۈزلۈك ئىدى. يۇيۇلغان قولنى ھەممە كىشى
بىرلۆڭگىغا سۈرتكەندە پاكىزلىققا كاپالەتلىك قىلغىلى
بولمايلا قالماستىن، ھۆل بوپ كەتكەن لۆڭگىغا سۈرتۈلگەن
قول يەنىلا ھۆل بولۇپ كېتەتتى. ماي قولنى ھەممە كىشى
بىر لۆڭگىغا سۈرتكەندە يەنىلا ماي بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا
ئابدۇللا ئىمام ھەممە كىشى قول يۇيۇپ بولغاندا ئۆزىنىڭ
قول ياغلىقىدا قول ئېيتىش، ماي قولنى تازىلىق قەغىزىگە
سۈرتۈشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە كىشى
يېنىدا قول ياغلىقى ياكى كىچىك لۆڭگا ئېلىپ يۈرۈش،
توي ياكى نەزىر قىلغان كىشىلەر مايلىق لۆڭگا ئىشلەتمەي،
داستىخان ئۈستىگە قول سۈرتۈش قەغىزى تەييارلاپ
قويۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇردى. توي-تۆكۈن، نەزىر-
چىراغلاردا داستىخان ئۈستىگە كېيىنرەك كىرگەن كىشى
ئۆيدىكى ھەممە كىشى بىلەن، ھەتتا تۆرىدە ئولتۇرغان
كىشىلەر بىلەنمۇ داستىخان ئاتلاپ كېلىپ بىر-بىرلەپ
قول بېرىپ كۆرۈشىدىغان ئادەتلىرىمىزمۇ ئابدۇللا ئىمامنىڭ
تەشەببۇسى بىلەن ئۆزگەرتىلىپ، كېچىكىپ كىرگەن
كىشىلەر ئۆيگە كىرگەندە ھەممە كىشىگە بىرلا سالام
بېرىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈش، ھەر بىر كىشى بىلەن قول
ئېلىشىپ كۆرۈشمەسلىك، داستىخاندىن يېنىپ چىققاندا
ئايرىم كۆرۈشۈۋېلىش ئادەتكە ئايلاندى.

## ئىش ناھىيە ھاكىمىدىن باشلاندى

مورى ناھىيىسىدە بىرەر ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى بولسا،
مېيىت چىقارغان ئۆي ۋاپات بولغۇچىغا 3 نەزىر، 7 نەزىر
ۋە 40نەزىر ۋە يىل نەزىرلىرىنى ئۆتكۈزگەندىن باشقا،
ۋاپات بولغۇچىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە بالا-چاقىلىرى ئايرىم-
ئايرىم نەزىر ئۆتكۈزىدىغان ئادەتلىرى بار ئىدى. بىر
كىشىنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن 10، 20 ئۆيدە نەزىر-چىراغ
ئۆتكۈزۈۋېلىپ، كىشىلەر نەزىر-چىراغلارغا بېرىش بىلەن
بولۇپ كېتەتتى. ئابدۇللا ئىمام قازاق خەلقىنىڭ نەزىر-
چىراغىنى مېيىت چىققان ئۆينىڭ ئۆزىدىلا ئۆتكۈزۈپ،
باشقا ئۆيلەردە نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزمەيدىغان ياخشى
ئادىتىنى تەشۋىق قىلىپ، نەزىر-چىراغىنى ئاددىي-ساددا
ئۆتكۈزۈش، ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشنى
تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. يېقىندا ناھىيىنىڭ سابىق
ھاكىمى ئەخمەت ئىمىننىڭ ئايالى ئالەمدىن ئۆتتى.
ئەخمەت ھاكىمنىڭ 5 قىزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى
ياتلىق قىلىنىپ كەتكەنىدى. ھاكىمنىڭ ئايالى ئورۇن تۇتۇپ
ئىككى يىل ياتقان چېغىدا ھاكىم ئايالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن
ئاپارمىغان دوختۇرخانىلىرى قالمىغانىدى. بۇ جەرياندا
ئەخمەت ھاكىم ئىقتىساد جەھەتتىن سىرىلىپ كەتكەنىنىڭ
سىرتىدا ئۆزى ئايالىنى داۋالىتىش، كۈتۈش ئارقىلىق نۇرغۇن
جاپالارنى، ئۇيقۇسىز تۈنلەرنى ئۆتكۈزگەنىدى. بۇ ئىشلار
ياش ئىمامغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. ھاكىمنىڭ ئايالى
ۋاپات بولۇپ، ھاكىم ئۆيدە تىككەندەك يالغۇز قالدى. شۇڭا
ئابدۇللا ئىمامنىڭ ھاكىمغا ئىچى ئاغرىدى. ئاخىرەتلىك
ئىشلار ئۈچۈن ئابدۇللا ئىمام ھاكىمنىڭ 5 قىزى ۋە باشقا
قېرىنداشلىرى بىرلىشىپ، يەتتە نەزىرىسىنى چوڭ ئۆيدە
ئۆتكۈزۈش تەكلىپىنى قويدى ۋە بۇ ھەقتە قىزلارغا ئايرىم-
ئايرىم نەسىھەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ يەتتە
نەزىرىسىنى ھاكىم، ئۇنىڭ قېيىنسى ۋە ھاكىمنىڭ 5
قىزى بولۇپ جەمئىي 7 ئۆيلۈك كىشى بىر ئۆتكۈزدى. بۇ
ئىش پۈتۈن ناھىيىگە ئۈلگە بولدى.

(ئاپتورلار: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى:شەمشىدىن ھاجى)

# رىزىق ۋە ئەجەل

لۇغەتتە''ئوزۇق، يېيىلىدىغان، ئىچىلىدىغان ۋە پايدىلىنىلىدىغان نەرسە'' مەنىسىدە كېلىدىغان''رىزىق'' سۆزى ئاتالغۇ سۈپىتىدە، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ جانلىقلارغا دۇنيادا ياشىيالىشى ئۈچۈن بەرگەن نېمەتلىرىگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. يەر يۈزىدە يۈرگەن ھەر جانلىقنىڭ رىزقى ئاللاھقا ئائىتتۇر (سۈرە «ھۇد»، 6-ئايەت). ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنسانغا ھەددى-ھېسابسىز كۆپ نېمەت بەردى(سۈرە «ئىبراھىم»، 18-ئايەت). ھالال بولسۇن، ھارام بولسۇن، ئىنسانلار يېگەن-ئىچكەن ھەر نەرسە رىزىقتۇر. ئەمما ئۇلۇغ ئاللاھ، ھالال بولغان نەرسىلەردىن يەپ-ئىچىشنى بۇيرۇيدۇ: ''**ئاللاھ سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن ھالال، پاك نەرسىلەردىن يەڭلار...**''{سۈرە «مائىدە»(5-سۈرە)، 88-ئايەت}. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۆز رىزىقلىرىنى ھالال ۋە توغرا يوللاردىن تېپىشقا تىرىشىشى لازىم. چۈنكى ھالالدىن رىزىق تاپماق پەرزدۇر. **ئۇلۇغ ئاللاھ** ئىنسانغا ئىنسان ئەجرىدىن بولمىغان سۇ ۋە ئوكسىگېنغا ئوخشاش، ئىنسانلار تەييار رىزىقلارنى بەرگەنگە ئوخشاش، ئىنساننىڭ ئەمگىكى ۋە تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدىنمۇ رىزىق بېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئىنسان ئۆز رىزقىنى تېپىشى ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم.'' **ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ئىشلىگەن ئىشىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىدۇ**'' {سۈرە «نەجم»(53-سۈرە)، 39-ئايەت}.

لۇغەتتە،''ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت '' مەنىسىدە كېلىدىغان''ئەجەل'' سۆزى ئىستىلا مەنىسىدە، جانلىقلارنىڭ دۇنيادا بەلگىلىك ياشاش مۇددىتىگە ۋە بۇ مۇددەتنىڭ ئاخىرلىشىشىغا قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. ھەر ئىنساننىڭ دۇنيا ھاياتىدا قانچىلىك ياشىيالايدىغانلىقى ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن (سۈرە «ۋاقىئە»، 60-ئايەت). بەلگىلەنگەن ۋاقىت كەلگەن ھامان ئۆلۈم ھادىسىسى ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ۋاقىت قىسقارمايدۇ يا ئۇزارمايدۇ: ''**ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجەلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر**''{سۈرە «مۇنافىقۇن»(63-سۈرە)، 11-ئايەت} دېگەن ئايەت بۇ ئەمەلىيەتنى ئىپادىلىمەكتە. بىر ئىنساننىڭ ئىككى ئەجەلى يوق. ئۆلتۈرۈلۈش، بوغۇلۇش، كۆيۈش...دېگەندەك قانداق سەۋەبلەر بىلەن ئۆلسە ئۆلسۇن، ئىنسان ئۆز ئەجەلى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ.

(تۈركچىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد)

## ئابدۇللا تۈركى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىمام-ئاخۇنلار كۇرسىدا نۇتۇق سۆزلىدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى**: 6-ئاينىڭ 17-كۈنى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئاچقان، 22 ئۆلكە، ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن مەملىكەتلىك 12-قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش ئىمام-ئاخۇنلار مۇھاكىمە سىنىپىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى رىياسەتچىلىك قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇدىرى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللام، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، ئىسلام دارىلفۇنۇنىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرى مۇھەممەد ھەنەفى ۋەن ياۋبىن، خالىد ياڭ زۇڭشەن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بەدرىدىن گوچېڭجېن ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلگەن دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ باش كاتىپى دوكتور ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇل مۇھسىن تۈركى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھلىقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مۇۋەققەت ئەلچىسى ئابدۇرەھمان قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى. ھىندونېزىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىپ كەلگەن شىنجاڭلىق تالىپ خېلىل ئوسمان قارىنىڭ قىرائىتى بىلەن باشلانغان مۇراسىمدا، مۇدىر ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللام سۆز قىلىپ، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئاندىن دوكتور ئابدۇللا تۈركى مەخسۇس نۇتۇق سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىندى. ئابدۇللا تۈركى 40 مىنۇتلۇق نۇتقىدا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ ھۆكۈمەتكە تەۋە بولمىغان تەشكىلات ئىكەنلىكى، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئالاقىلىشىشى يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقى، ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق ۋە كەڭ قورساقلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن ئىكەنلىكى، تۈرلۈك ئېتىقادتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا دۈشمەنلىك قارىشىدا بولماي تىنچ-ئىناق ئۆتۈشى لازىملىقى، زوراۋانلىق-تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئىسلام روھىغا خىلاپ ئىكەنلىكى، بۇنداق قىلمىشلارغا دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقىنىڭ قارشى تۇرىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى سۆزلەپ ئۆتتى ھەمدە ئىمام-ئاخۇنلار سورىغان جىھاد قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. بولۇپمۇ جىھادنىڭ كەڭ مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ھەم تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشنى ھەم نەپسى خاھىشىغا قارشى كۈرەش قىلىشنى، شۇنداقلا ھەم تاجاۋۇزچىلىققا، زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى، جىھادنىڭ ئاساسلىقى مۇسۇلمانلاردىكى بىر خىل تىرىشچانلىقنى گەۋدىلەندۈرىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنى تار مەنىدە چۈشىنىشكە بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. مۇئاۋىن مۇدىر شەمشىدىن ھاجى جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنىغا ۋاكالىتەن، ئابدۇللا تۈركىنىڭ قىزغىن ۋە مول مەزمۇنلۇق نۇتۇق سۆزلەپ بەرگىنىگە ھەمدە ئىمامىلار سورىغان سوئاللارغا مەنىلىك جاۋاب بەرگەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتتى. مۇدىر ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن داموللام دوكتور ئابدۇللا تۈركىگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت ئېيتتى. ئاخىرىدا ئابدۇللا تۈركى قاتارلىقلار ئىسلام دارىلفۇنۇنى رەھبەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىمام-ئاخۇنلار بىلەن سۈرەتكە چۈشتى. ئىسلام دارىلفۇنۇنى مېھمانلار شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى تەيۋەننى زىيارەت قىلدى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئەلى لىۋ شۇشياڭ ئۆمەك باشلىقى، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان، جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ، ھاجى بارات رەجەپ، دىنىي ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئادىل ھاجى كېرەم، ئىسلام دارىلفۇنۇنى ئىلمىي باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇۋەھھاب سۇڭ ئېلىنلىدىن ئىبارەت 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2004-يىل 6-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 12-كۈنىگىچە تەيۋەننىڭ تەيبېي، گاۋشيۇڭ، تەيجۇڭ، جۇڭلى قاتارلىق شەھەرلىرىدە زىيارەتتە بولدى ۋە تەيۋەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئۆمەكتىكىلەر تەيۋەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، دائىمىي ھەيئەتلىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. زىيارەت جەريانىدا لۇڭگاڭ مەسچىتى، تەيجۇڭ مەسچىتى، گاۋشيۇڭ مەسچىتى، تەيبېي مەسچىتى مۇدىرىيەت ھەيئىتى ۋە ئىماملىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى ھەمدە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇدى. زىيارەت جەريانىدا ۋەكىللەر گۇگۇڭ مۇزېيى، شىمېن سۇ ئامبىرى، رىيۆتەن كۆلى، چېڭچىڭخۇ كۆلى، شىلىن ئورمانلىقى، ياڭمىڭشەن تېغى قاتارلىق ساياھەتگاھلارنى ساياھەت قىلدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى بېرىش-كېلىش جەريانىدا شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

### شەمشىدىن ھاجى يەھيا ماچىشى ۋاپاتىنىڭ 90يىللىق خاتىرە پائالىيىتىگە قاتناشتى

ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى گەنسۇ ئۆلكىسى گەننەن زاڭزۇ ئاپتونوم رايونى لىنتەن ناھىيىسىگە بېرىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى رايونلىرىدىكى ئۈچ چوڭ مەزھەبنىڭ بىرى بولغان شىداۋتاڭ مەزھىپىنىڭ بەرپاكار شەيخ مۇرشىدى يەھيا ماچىشى ۋاپاتىنىڭ 90 يىللىقى خاتىرىسى پائالىيىتىگە قاتناشتى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ خاتىرىلىدى. بۇ پائالىيەتتىن كېيىن، لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى جۇڭگو ئەرەب تىل مەكتىپى ۋە قادىرىيە تەرىقىتى مەسچىتى قاتارلىق جايلارنى كۆزدىن كەچۈردى ھەمدە گەنسۇ ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىكىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولدى ۋە ئۇلار ئۇيۇشتۇرغان پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

### شىنجاڭدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايون مۇسۇلمانلىرىغا ئىئانە پۇلى توپلاش، يەتكۈزۈپ بېرىش خىزمىتى غەلىبىلىك تاماملاندى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى:** 2003-يىل2-ئاينىڭ 24-كۈنى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان قەشقەردىكى مارالبېشى، پەيزاۋات قاتارلىق جايلاردا كۈچلۈك يەر تەۋرەپ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغان، جۈملىدىن 432 مەسچىت پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، 687 مەسچىتنىڭ تاملىرى يېرىلىپ خەتەرلىك مەسچىت بولۇپ قالغانىدى.

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. 2003-يىل 2-ئاينىڭ 27-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئاپەت رايونىدىكى مۇسۇلمانلاردىن ھال سوراپ تېلېگرامما يوللىدى ۋە ئاپەت رايونىدىكى مەسچىت رېمونتىغا ئاتاپ، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتى ئارقىلىق20 مىڭ يۈەن ھەدىيە ئەۋەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ۋە مەسچىتلەرمۇ ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىئانە توپلاپ، قىزىل كرېست جەمئىيىتى، خەلق ئىشلىرى ئىدارىلىرى ئارقىلىق ئاپەت رايونىغا ئەۋەتكەنىدى. 2003-يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە «شىنجاڭدىكى ئاپەت رايونى مۇسۇلمانلىرىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىئانە پۇلى ئاتاش مۇراجىئەتنامىسى» يوللاپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش"، "نامراتلارغا يار-يۆلەك بولۇش"تەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەت رايونىدىكىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز ماكانىنى قايتا قۇرۇۋېلىشىغا مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشكە چاقىرىق قىلدى. خېبېي، شىزاڭ، خېنەن، ئىچكى موڭغۇل، تيەنجىن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، سەندۇڭ، جېجياڭ، لياۋنىڭ، جياڭسۇ، گۇيجۇ، خېيلۇڭجياڭ، چىڭخەي، خۇبېي، گەنسۇ، شاڭخەي، خۇنەن، ئەنخۇي، چۇڭچىڭ، خەينەن، فۇجيەن قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مەسچىتلەر ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇراجىئەتنامىسىگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، ناھايىتى تېزلا ئاپەت رايونىغا ئىئانە قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپەت رايونىدىكى مۇسۇلمانلارغا ياردەم قولىنى سۇندى. 2003-يىل 10-ئايغا قەدەر 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرى، مۇسۇلمانلار ئىئانە قىلغان 673مىڭ264 يۈەن ئىئانە پۇلنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە يوللاپ بەردى.

جەمئىيىتىمىز بۇ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 22 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيەتلىرىگە «ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاپەت رايونى مۇسۇلمانلىرىغا ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىئانە پۇلى ئاتاش ئەھۋالى ۋە تەشەككۈرنامىسى» ئەۋەتىپ، ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىئانە پۇلى توپلاش ئەھۋالىنى يەتكۈزدى ھەمدە ئاپەت رايونىدىكى مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن، ئىئانە ئاتىغان مۇسۇلمانلارغا، ئىئانە توپلاش خىزمىتىدە ئالاھىدە كۈچ چىقارغان ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى، خىزمەتچىلەر، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى ۋە دىنىي زاتلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جەمئىيىتىمىز 2003-يىل12-ئاينىڭ 8-كۈنى40 مىڭ يۈەننى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش- قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ، 630 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان

رايونىدىكى مەسچىتلەرنىڭ رېمونتى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە يوللاپ بەردى.

2004-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى، ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا ئاتىغان ئىئانە پۇلىنى تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە تەقسىم قىلىش مۇراسىمى ئاپەت ئەڭ ئېغىر بولغان مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ چوڭقۇرچاق يېزىسىدا داغدۇغىلىق ئېچىلدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئابدۇغوپۇر قادىر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن 630 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە پۇلىنى نەخ مەيداندا مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى . مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى مۇختار ئابدۇرەھمان ناھىيىلىك پارتكوم، ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، بۇ ئىئانە پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بىردەك بۇ ناھىيىدىكى ئاپەت ئېغىر بولغان چوڭقۇرچاق يېزىسىدىن بازار چوڭ مەسچىتى قاتارلىق 14 جۈمە مەسچىتىگە، سېرىقبۇيا بازىرىدىن ئىككى جۈمە مەسچىتىگە، ئالاغىر يېزىسىدىن چوڭ بازار مەسچىتى قاتارلىق ئىككى جۈمە مەسچىتىگە، يېڭىئۆستەڭ يېزىسىدىن 2-مەھەللە جۈمە مەسچىتىگە، ئاۋات بازىرىدىن 4-مەھەللە جۈمە مەسچىتى قاتارلىق مەسچىتلەرگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئاخىرىدا، مۇراسىمغا قاتناشقان ئىمام-خاتىپلار، دىنىي زاتلار ئارقا-ئارقىدىن سۆز قىلىپ، ھەر قايسى مەسچىت ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان مۇسۇلمانلارغا ۋاكالىتەن، ئۆزلىرىگە كۆڭۈل بۆلگەن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى.

2004-يىل 5-ئاينىڭ 8-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى، مارالبېشى ناھىيىلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتى، مارالبېشى ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا ۋاكالىتەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە «تەشەككۇرنامە» ئەۋەتىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا كۆڭۈل بۆلگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، ھەر قايسى جايلاردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى .

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىمۇ 2004-يىل 5-ئاينىڭ 27-كۈنى داغدۇغىلىق مۇراسىم ئېچىپ، ئۆزىگە بۆلۈپ بەرگەن 40 مىڭ يۈەن ئىئانە پۇلىنى ئاپەتكە ئۇچراش ئەھۋالىغا قاراپ، 3-دېۋىزىيە 44-تۈەن، 51-تۈەن، 52-تۈەن ۋە پەيزاۋات باش مەيدانى قاتارلىق جايلاردىكى 4 مەسچىتكە 10 مىڭ يۈەندىن بۆلۈپ بەردى ھەمدە ئىئانە پۇلىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى مۇسۇلمانلار مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ غەمخورلۇقىغا چىن دىلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

◀ **خوتەن** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 6-ئاينىڭ 2-كۈنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 4-سانلىق دائىمىي ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا «خوتەن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋەزىپىدىكى خادىملار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا چىقارغان تەشەببۇسنامىسى» مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى ۋە ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىغا سۇنۇش قارار قىلىندى. 6-ئاينىڭ 3-كۈنى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ 4-سانلىق ئومۇمىي ئەزالار يىغىنىنى ئاچتى. يىغىنغا ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ باش كاتىپلىرى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزا ۋە ئەزالىرى قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى يالقۇن سىراجى ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك 3-سانلىق يىغىندىن بۇيانقى ئىشلەنگەن خىزمەتلەردىن دوكلات بەردى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

(ھېببۇللا مەتسەيدى)

◀ 2004-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى **كېرىيە** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر چوڭ يىغىنى ئېچىلدى. يىغىنغا ۋەكىللەر، ۋىلايەتتىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە قوشنا ناھىيىلەردىن تەكلىپ قىلىنغانلار كېلىپ قاتناشتى، ناھىيە رەھبەرلىرى سۆز قىلدى. يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 2-نۆۋەتلىك ھەيئىتىنىڭ خىزمەتلىرى ۋە ئېرىشكەن نەتىجىلىرى خۇلاسىلەندى. ئاخىرىدا سايلام ئارقىلىق، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 3-نۆۋەتلىك رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ئەزالىرى، ئەزالىرى، باش كاتىپى سايلاپ چىقىلدى. (ئەنۋەر ئىمىن)

◀ **نىيە** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» نى تېخىمۇ ياخشى ئومۇملاشتۇرۇش، قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، 4-ئاينىڭ 23-كۈنى ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. 14 تەبلىغچى ۋەز سۆزلىدى. **كېرىيە** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىمۇ 4-ئاينىڭ 28-كۈنى ھېيتگاھ جامەسىدە «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر» بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 18 تەبلىغچى قاتناشتى.

(ھېببۇللا مەتسەيدى)

◀ بۇ يىل ئەتىياز كىرگەندىن بۇيان **يەكەن، پەيزاۋات، يوپۇرغا** ناھىيىلىرىدىكى مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك مۇتەخەسسىسلىرىنى تەكلىپ قىلىپ دىنىي زاتلار ئارىسىدا لېكسىيە سۆزلەتتى، بىر قېتىملىق لېكسىيىگە 700 دىن ئارتۇق دىنىي زات قاتناشتى. دىنىي زاتلار دېھقانچىلىق ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگەندى ۋە بۇنى ئاممىغا يەتكۈزدى، بۇنىڭ بىلەن ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل بولدى.

(ياقۇپ ھاجى)

3-ئاينىڭ 17-كۈنى **قەشقەر** ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باش كاتىپلار يىغىنى چاقىرىپ 2004-يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندى. قەشقەر شەھىرى ۋە مەكىت، يېڭىسار قاتارلىق ناھىيىلەردىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىمۇ يىغىن ئېچىپ باش كاتىپلار يىغىنى روھىنى يەتكۈزدى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى.

(ياقۇپ ھاجى)

## ئىسلام مائارىپى

### ئاپتونوم رايونلۇق2 - قارارلىق ياش، ئوتتۇرا ياش تايانچ دىنىي زاتلار كۇرسى ئاخىرلاشتى

**ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى.** شىنجاڭ ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ئېچىلغان بۇ كۇرس بۇ يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى ئوقۇش باشلىغان بولۇپ، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىرى خۇجىيايەن، نۇر بەكرى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئابدۇقادىر نەسىردىن، جاڭ يۈيجۇڭ قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشقان ۋە كۇرسانتلارغا سۆز قىلىپ ئىلھام ۋە مەدەت بېغىشلىغانىدى. 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە شەھەردىن كەلگەن 4 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 50 نەپەر كۇرسانتنىڭ 62 پىرسەنتى ئالىي مەكتەپ، تولۇق ئوتتۇردىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە، پەقەت 38 پىرسەنتى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىدا. ئۇلاردىن 72 پىرسەنت دىنىي زات ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى، سىياسىي كېڭەش ۋە ئىسلام جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. ئۇلار 4 ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە دىنىي بىلىملەر، تارىخ بىلىملىرى، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا بىلىملىرى، سىياسەت ۋە قانۇن بىلىملىرى قاتارلىق 6 ساھە بويىچە 25 مەخسۇس تېمىدا دەرس ئۆگەندى. جۇڭگو تارىخى، شىنجاڭ تارىخى، ھۆكۈمەتنىڭ مىللىي، دىنىي سىياسىتى، قانۇن ساۋادى، خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخى، تىل-ئەدەبىيات ئاساسىي بىلىملىرى، جۇغراپىيە ئاساسىي بىلىملىرى، ئەمەلىي خەنزۇچە سۆزلىشىش، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى، ئەمەلىي ئەرەبچە سۆزلىشىش، ئىسلام دىنى تارىخى، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى قوللىنىش ئۇسۇلى، «ھەدىس شەرىف»نى قوللىنىش پرىنسىپلىرى، «قۇرئان كەرىم» تەفسىرى پرىنسىپلىرى، قىرائەت ۋە تەجۋىد، «يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر»نى سۆزلەش قاتارلىق دەرسلەرنى ئۆگەندى. شۇنداقلا بىر ئاي ۋاقىت ئاجرىتىپ ئاپتونوم رايوندىكى ئۈرۈمچى، ماناس، شىخەنزە، قاراماي، مايتاغ قاتارلىق جايلاردا ۋە ئىچكىرىدىكى بېيجىڭ، فۇجيەن، شاڭخەي قاتارلىق تەرەققىي تاپقان دېڭىز بويى رايونلىرىدا زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىپ مول ئەمەلىي بىلىملەرنى ئالدى.

6-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن خۇجىيايەن، نۇر بەكرى، جاڭ يۈيجۇڭ قاتارلىقلار قاتنىشىپ سۆز قىلىپ، كۇرسانتلارنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ۋە كۆتىدىغان تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

◀ **يەكەن** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى 17-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر، ھەر قايسى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، تالىپلار بولۇپ، 200دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا ئالدى بىلەن 6 ئايلىق كۇرستىن خۇلاسە قىلىندى، 100 دىنىي ئىزباسارغا شاھادەتنامە ۋە دىنىي ۋەزىپە ئۆتەش گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

(ياقۇپ ھاجى)

◀ بۇ يىل 6-ئاينىڭ 3-كۈنى **يەكەن** ناھىيە خاڭدى بازىرىدا دىنىي زاتلارنىڭ لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلدى. بىر كۈن داۋاملاشقان بۇ پائالىيەتكە ناھىيە تەۋەسىدىن 254 دىن ئارتۇق دىنىي زات قاتناشتى. (ئابدۇرەھمان نۇرمەھەممەت)

◀ **مەكىت** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 5-ئاينىڭ 19-كۈنى 9-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋە شۆبە ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىسلىرى، تالىپلار بولۇپ 80 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا 40 دىنىي زاتقا شاھادەتنامە بېرىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

◀ **كونىشەھەر** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 5-ئاينىڭ 10-كۈنى دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئاچتى. مۇراسىمغا ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار ۋە كۇرسانتلار بولۇپ 70 تىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. بۇ قېتىم قوبۇللانغان كۇرسانت 29 بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى 3 يىل.

(ياقۇپ ھاجى)

◀ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان **پوسكام** ناھىيىسىدىكى ياش، ئوتتۇرا ياش دىنىي زاتلارنىڭ خەنزۇ تىل-يېزىقىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ئۇلار كۆپ قېتىم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئۆزلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىنى تەشكىللىك، سىستېمىلىق ئۆگىنىش ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، ناھىيىلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق مۇددىتى ئۈچ ئايلىق بىر قارار كۇرس ئېچىپ سىناق قىلىشنى ۋە تەدرىجىي ھالدا كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. 60 دىنىي زات قاتناشقان تۇنجى قارارلىق خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش كۇرسىغا ناھىيە مالىيىسىدىن راسخوت ئاجرىتىپ، شارائىت يارىتىپ بەردى.5-ئاينىڭ 25-كۈنى ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە ئىسلام جەمئىيىتى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە كۇرسانتلار رەسمىي ئوقۇش باشلىدى.

(ئابلەت ئەخمەت، گۈلنار ھامىدىن)

◀ **پوسكام** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2004-يىل 4-ئاينىڭ 29-كۈنى 8-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللار، تالىپلار بولۇپ 70 دىن كۆپرەك كىشى قاتناشتى. مۇراسىمدا 6 ئايلىق كۇرستىن خۇلاسە قىلىندى، 60 دىنىي ئىزباسارغا شاھادەتنامە بېرىلدى، 8 تالىپ تەقدىرلەندى. (ياقۇپ ھاجى)

◀ **قاغىلىق** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاساسىي قاتلاملاردا غەسسالە (ئايال مېيىت يۇغۇچى)كەم بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، 5-ئاينىڭ 24-كۈنى ناھىيە بويىچە غەسسالەلەرنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى، كۇرسقا ھەر قايسى يېزا(بازار)لاردىن كەلگەن 80 ئايال قاتناشتى. بۇ قېتىمقى 5 كۈنلۈك كۇرستا كۇرسانتلار مېيىت يۇيۇش، كېپەنلەش ۋە بۇ جەرياندىكى ئەمەلىي مەشغۇلاتنى ئۆگەندى. شۇنىڭدەك نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى قاتارلىق

جەمئىيەتتە بىلىمگە ئىگە قىلىندى.

(ياقۇپ ھاجى)

◀ **كېرىيە** ناھىيىسى 5-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 6-كۈنىگىچە ناھىيە بويىچە 18 دىنىي زاتتا تەربىيىلىنىۋاتقان 45 تالىپقا قارىتا سىياسەت، قانۇن بىلىملىرىدىن دەرس تولۇقلاش كۇرسى ئاچتى. (ھېبىبۇللا مەتسەيدى)

◀ **پىچان** ناھىيىسى يېقىندا ناھىيە بويىچە 210 دىنىي زات قاتناشقان، مۇددىتى 15 كۈنلۈك 3 قارار كۇرس ئېچىپ، كۇرسانتلارغا مەملىكەتلىك دىنىي خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، ھەج خىزمىتى يىغىنى روھى، شۇنداقلا ئالاقىدار دىنىي سىياسەت، قانۇن- نىزام روھىنى يەتكۈزدى.

(كېرەم روزى)

◀ **پىچان** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 5-ئاينىڭ 9-كۈنىدىن 18-كۈنىگىچە ناھىيىدىكى يېڭىدىن دىنىي ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنىغان دىنىي زاتلار ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا يېزا- بازارلاردىن ئىككى يىلدىن بۇيان يېڭىدىن دىنىي ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنغان دىنىي زاتلار ۋە ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى سىنىپىنى پۈتتۈرۈپ، دىنىي ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنغان تالىپلاردىن بولۇپ 72 كىشى قاتناشتى. كۇرسقا 4 دىنىي زات تەكلىپ قىلىنىپ، قىرائەت دەرسى، «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە» قاتارلىق دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلدى، دەرس ئارىلىقىدا نىكاھ خۇتبىسى، جۈمە خۇتبىسى، مېيىت يۇيۇش، مېيىت نامىزى چۈشۈرۈش قائىدىسى ئۆگىتىلدى. كۇرس ئاخىرىدا كۇرسانتلارغا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دىنىي ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلغانلىق گۇۋاھنامىسى بېرىلدى.

(شاھمەردان ئىمىننىياز)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

◀ **يەكەن** ناھىيە ئارسلانباغ يېزىلىق ھۆكۈمەت شۇ يېزىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان يېڭىئاۋات «ئۈمىد قوش تىل باشلانغۇچ مەكتىپى»نىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن يېزا بويىچە ئېچىلغان ئىئانە توپلاش يىغىنىدىن خەۋەر تاپقان 7-، 9-، 18- كەنتتىكى **20 دىنىي زات** 1210 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

◀ **مەكىت** ناھىيە بازارجەمئى يېزا كۆتەكلىك كەنت 2-مەھەللىلىك تالىپ ئابدۇقادىر كېسەل تارتىپ، داۋالىنىشقا قۇربى يەتمەي قالغاندا كۆتەكلىك كەنتتىكى دىنىي زاتلار ۋە ئاممىا 1150 يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ، بىمارنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى. (ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

◀ 2004-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى بالىلار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن **مەكىت** ناھىيە قىزىلئاۋات يېزىدىكى **دىنىي زاتلار** ئوقۇغۇچىلارغا 3800 يۈەن نەق پۇل، دەپتەر-قەلەم ياردەم قىلدى.

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

◀ **مەكىت** ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت تەۋەسىدىكى 22 دىنىي زات 2004-يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنى ھەر قايسى ئىجتىمائىي رايونلار ۋە ناھىيىلىك 3-، 4-باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلاردىن بولۇپ 13 نامرات ئائىلە ۋە 7 نەپەر قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىغا 1200 يۈەن پۇل ئىئانە قىلدى.

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

◀ يېقىندىن بېرى **يوپۇرغا** ناھىيىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ، ناھىيىدىكى 507 دىنىي زاتتىن 188 كىشى بۇ يىل 726 مو يەرگە كېۋەز بىلەن زىرىنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش تېخنىكىسىنى باشلامچىلىق بىلەن قوللىنىپ، كەڭ ئاممىغا ئۈلگە ياراتتى. يەنە بۇ يىل كىرگەندىن بېرى 9 دىنىي زات 9 ئورۇندا ئېغىل-قوتاننى ئۆلچەملىك ياسىدى، بۇ قوتانلاردا ھازىر 1380 تۇياق چارۋا بار. 1 دىنىي زات 3 مو يەرگە ئەگمە پارنىك ياساپ قوغۇن تېرىپ، باشقىلارغا ئۈلگە بولدى.

(ياقۇپ ھاجى)

◀ **لوپ** ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە باشقا دىنىي زاتلارنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق جىيا يېزا تاۋغاز كەنتىدىن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالىنىشقا ئامالسىز قالغان نامرات دېھقان تۇرسۇنتوختى ئاخۇننىڭ داۋالىنىشىغا 2585 يۈەن نەق پۇل ياردەم قىلدى.

(تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)

◀ **كۇچا** ناھىيە ئىشخالا بازىرى قۇتلۇق ئوردا كەنتىدىكى ئىمام **نۇردۇن روزى** ئۆز يېنىدىن 3500 يۈەن ئاجرىتىپ 1050 كىلوگرام ئۇن، 126 كىلوگرام ئۆسۈملۈك مېيى، 126 كىلوگرام سوپۇننى نامرات دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى.

(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

◀ **كورلا** شەھىرى قارا يۇلغۇن يېزا چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئۆمەر قارى** قارا يۇلغۇن كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى قىيىنچىلىقى بار 11 نەپەر ئوقۇغۇچىغا 1100 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى، يەنە شۇ كەنتتىكى نامرات 17 ئائىلىگە 1857 يۈەن قىممىتىدە ئوتۇن-كۆمۈر، ئۇن، گۈرۈچ ئېلىپ بەردى.

(ئەخمەتجان ھوشۇر)

◀ **باغراش** ناھىيە ساغانئۇر يېزا گۈلباغ مەسچىتىنىڭ ئىمامى **مۆمىن قارى ھاجى** 1995-يىلدىن بۇيان ھازىرغىچە يېزا تەۋەلىكىدىكى ئاغرىق، مېيىپ، ئىگە-چاقىسىز بوۋاي-مومايلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلدى. يېقىندا ئۇ يەنە قىيىنچىلىقى ئېغىر 13 نەپەر ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئۆز يېنىدىن 1750 يۈەن ياردەم قىلدى. (ئەخمەتجان ھوشۇر)

◀ **ئۈچتۇرپان** ناھىيە ئاقيار يېزا يۇقىرىقى ئاقيار كەنتى تاغساي مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى **يۈسۈپ قادىر** باشچىلىقىدىكى **دىنىي زاتلار** 2004-يىل 5-ئاينىڭ 10-كۈنى 500 يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىگە ئىئانە قىلدى. بۇنىڭدىن 100 يۈەن ئاجرىتىپ 7 نەپەر نامرات ئوقۇغۇچىغا كىيىم-كېچەك ۋە ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى، قالغان قىسمىنى مەكتەپنىڭ ئوقۇ-ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىغا سەرپ قىلدى.

(خاسىيەت مۇھەممەد، مۇھەممەت مۇرتىزا)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

◀ **مەكىت** ناھىيە قورما يېزىسىدىكى **ئىمىن ھەمرا ھاجى** 1999-يىلى ئۆز يېنىدىن 12000 يۈەن چىقىرىپ، ئۆز كەنتى دېھقانلىرىنىڭ توكتىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن 1300 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى لىنىيىگە توك تارتىپ بەرگەنىدى، 2003-يىلى ئۇ 1000 يۈەن پۇل چىقىرىپ، بىر بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى، 2004-يىلى كىرگەندىن كېيىن تۇمەنتال، قورما يېزىسىدىكى 125 نامرات ئائىلىگە 2000 جىڭ ئاشلىق تارقىتىپ بەردى.

(ياقۇپ ھاجى)

◄ **يەكەن** ناھىيە چارەك بازار يېڭىئاۋات كەنتى 3-مەھەللىدىكى **مەمەت ھاجى، قەمبەر مەمەت** قاتارلىق 3 دېھقان بۇ يىل 4-ئاينىڭ باشلىرىدا 15000 يۈەن چىقىرىپ، 100$m^2$ لىق، 5 ئېغىز ئۆينى پىششىق خىش، ۋاسا جۈپلۈق قىلىپ سېلىپ، كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

(سادىق قارىم)

◄ يېقىندا **كۇچا** ناھىيە خانىقاتام يېزا ئاقشەر كەنتىدىن **رېھىم سوپېۇر** 1300 يۈەن، **ھاشىم نۇردۇن** 1100 يۈەن، **ھامۇت رۇستەم** 1100 يۈەن، **ھاپىز رىشىت** 1000 يۈەن، **ئەخمەت مەخمۇت** بىلەن **توختى ھاشىم** 1400 يۈەن نەق پۇل چىقىرىپ، مەھەللىسى ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى ئېرىقلارغا بېتون كۆۋرۈك ۋە زاكۇ سالدۇرۇپ بەردى. پەيلو كەنتىدىن **ئىمىن مەمتاۋلا** ئۆز يېنىدىن 4500 يۈەن پۇل چىقىرىپ ئاقشەر كەنت تەۋەسىدىكى چوڭ زەيلىككە بېتوندىن كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. شايار ناھىيە بىلەن خانىقاتام يېزا چېگرىلىنىدىغان شور ئېقىنىغا ئۆز يېنىدىن 28 مىڭ يۈەن چىقىرىپ بېتون كۆۋرۈك سالدۇرۇپ بەردى. چوڭ سايئېرىق كەنتىدىن **قاسىم كامال** 1400 يۈەن، **قاسىم مۆمىن** 1250 يۈەن، **رېھىم مىجىت** 700 يۈەن، **رېھىم مىراۋۇدۇن** 1050 يۈەن، **ياسىن تۇردى** بىلەن **ياسىن غازات** 1700 يۈەن چىقىرىپ، مەھەللىسى ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى ئېرىقلارغا كۆۋرۈك ۋە زاكۇ سالدۇرۇپ بەردى. (تۇرغۇن ئابدۇل)

◄ **ئاۋات** ناھىيە تامتوغراق يېزا نوچىسۇڭ كەنت 3-گۇرۇپپا ئەزاسى **ھوشۇر ئوسمان** يېقىنقى 3 يىل ئىچىدە 35 ئائىلىگە 5 مىڭ 150 يۈەن نەق پۇل، 25 قۇر كىيىم-كېچەك، 31 خالتا ئۇن، 51 كىلوگرام ياغ ياردەم قىلدى. ئۇ يەنە 2500 يۈەن سەرپ قىلىپ مەكتەپ مەيدانىنى تۈزلەپ بەردى، 3-گۇرۇپپىدىن يېزا ئوتتۇرا مەكتەپكە بارىدىغان 1500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 8 مېتىر كەڭلىكتىكى يولنى رېمونت قىلىپ راۋانلاشتۇرۇپ بەردى، 1000 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەنت يولىنى رېمونت قىلدۇرۇپ بەردى. بۇ يىل ئەتىيازدا ئۇ ھادىسىگە ئۇچرىغان بىرەيلەننىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن 2150 يۈەن ياردەم قىلدى، 2-گۇرۇپپا مەسچىتىنى يېڭىلاپ سېلىش ئۈچۈن 2100 يۈەن، 3-گۇرۇپپا مەسچىتىنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 1900 يۈەن ئىئانە قىلدى. (ھەسەن داۋۇت)

◄ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قورغاس **4-دېۋىزىيە** 62-تۈەن مەيدان مىللىي پەرزەنتلەر مەكتىپىدىكى ھەر مىللەت **كادىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار** 6-ئايدا نامراتلارغا ۋە يېزا ئىگىلىكتىكى تۇرلۇك ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا جەمئىي 32 مىڭ 540 يۈەن ئىئانە توپلىدى. بۇ پۇل تۈەن مالىيىسىدە زاپاس ساقلىنىپ، قۇتقۇزۇش ۋە ياردەمگە ئىشلىتىلىدۇ.

(تۇرسۇنجان تۇردى، ماينۇر ھوشۇر)

◄ يېقىندا يېزا ئىگىلىك **3-دېۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيداندىكى 10 نەپەر پېشقەدەم ئايال ئىشچى-خىزمەتچىدىن تەشكىللەنگەن **مېھرىبان ئانىلار** باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن «مېھرىبان ئانىلار كۆڭلى» دېگەن تېمىدا شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ، مەيدان 1-ئوتتۇرا مەكتىپكە 530 يۈەن نەق پۇل ئىئانە قىلدى. (ھاتەمگۈل يۈسۈپ)

◄ يېزا ئىگىلىك **3-دېۋىزىيە** 50-تۈەن شاقۇر يېڭىدىكى ياقۇپ ئەيسا باشچىلىقىدىكى بىر نەچچەيلەن يېقىندا ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب پۇلى ئۈچۈن 1800 يۈەن ئىئانە قىلدى، 50-تۈەن مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلار داۋالىنىش غېمىدە قالغان نامرات بىرەيلەنگە 800 يۈەن ئىئانە قىلدى. (رەيھانگۈل تۇراق)

◄ بىڭتۈەن **3-دېۋىزىيە** 53-تۈەندىكى **ئابلا قارىم، يۈسۈپ ئېلى، ياسىن ئەمەت، ھېمىت يۈسۈپ، قۇربان سۇلايمان** قاتارلىق بىر قىسىم دىنىي زاتلار، مەرىپەتپەرۋەر يەككە تىجارەتچى ۋە لىيەن رەھبەرلىرى يېقىندا باللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي 2-مەكتەپتىكى 50 تىن ئارتۇق نامرات ئوقۇغۇچىغا 11 مىڭ 700 يۈەن قىممىتىدە نەق پۇل ۋە ئوقۇش ماتېرىياللىرى، كىيىم-كېچەك تەقدىم قىلغاندىن سىرت، قۇملۇق مەكتەپ دائىرىسىدىكى مىللىي 6-لىيەن، 7-لىيەن، 8-لىيەن قاتارلىق ئۈچ ئورۇن بىرلىشىپ قۇملۇق مەكتەپ ئالدىغا 320$m^2$ كۆلەمدە بىر گۈللۈك ياساپ بەردى. شۇنداقلا مىللىي چاتلىق مەكتەپ دائىرىسىدىكى ھېمىت يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى 4 كىشى مەزكۇر مەكتەپكە بىر دانە باسما قۇدۇق ۋە 4 دانە ئېلېكترونلۇق پىئانىنو تەقدىم قىلدى. يەنە 3-دېۋىزىيە 53-تۈەن مىللىي 7-لىيەندىكى 41 ياشلىق يەككە تىجارەتچى **تۇنىساخان** 1997-يىلدىن بۇيان لىيەندىكى ئىگە-چاقىسىز 4 ئائىلىگە ھەر يىلى 1700 يۈەندىن 2000 يۈەنگىچە نەق پۇل، ئاشلىق ۋە ئوتۇن-كۆمۈر ياردەم قىلىش بىلەن بىرگە، 2 نامرات دېھقاننىڭ 4 بالىسىنىڭ باشلانغۇچتىن تولۇقسىزغىچە بولغان بارلىق ئوقۇش راسخوتىنى، كىيىم-كېچىكىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يەنە يېقىنقى 4 يىلدىن بۇيان مەھەللە مەسچىتى ۋە نامراتلارغا 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى.

(مىلىكەم روزى، تۇرسۇن)

◄ يېزا ئىگىلىك **3-دېۋىزىيە** پەيزاۋات باش مەيدان 1-ئوتتۇرا مەكتەپتىكى **ئوقۇتقۇچى، ئىشچى-خىزمەتچى** 5-ئاينىڭ 16-كۈنى 462 يۈەن نەق پۇل يىغىش قىلىپ، 12 نەپەر مېيىپ ئوقۇغۇچىغا بىر قۇردىن كىيىم، ئوقۇش قوراللىرى ئېلىپ بەردى.

(ھاتەمگۈل يۈسۈپ)

**بۇ ساننىڭ ماقالىلىرى ئۇيغۇرسوفت® Uighursoft شىركىتى «ئەلكاتىپ 2.7» نۇسخىسىدا تىزىلدى ۋە «ئەلكوررېكتور» دا كوررېكتورلۇق قىلىندى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا:**

**ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد**

**شەمشىنۇر ھوشۇر**

# ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچى ئاپتورلار سەمىگە

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام ئۆلىمالىرى، ئالىملىرى، تەتقىقاتچىلىرى، كەسپىي خادىملىرى ۋە ئىسلامىيەت زوقمەنلىرىدىن تەركىب تاپقان كەڭ ئاپتورلارنىڭ ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام ئەنئەنىلىرىگە دائىر قىزىقىشىنى ۋە تەتقىق- مۇھاكىمە ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، شۇ سەۋەبلىك ئۇلار يۇقىرىقى دائىرىدە نۇرغۇن ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ژۇرنىلىمىزنى قىزغىن قوللاش بىلەن بىرگە، ژۇرنىلىمىز سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ۋە مەزمۇنىنى موللاشتۇرۇش ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ژۇرنىلىمىزنىڭ دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن، مەزمۇنى ياخشى بولسىمۇ تەلەپكە لايىق بولماي قالدۇرۇۋېتىلگەن ماقالىلەرمۇ ئاز ئەمەس. ژۇرنالنى سۈپەتلىك ۋە ۋاقتىدا چىقىرىش مەقسىتىدە ئاپتورلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى قايتا تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىز:

1. ژۇرنىلىمىز ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلار تۇرمۇشى ساھەسىدىكى بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى، شۇنداقلا دىنىي ئەقىدىلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان دىنىي ژۇرنال. شۇڭا ئومۇمەن ئىسلام دىنىغا، ئىسلام ئەنئەنىسىگە، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىغا ئائىت بولمىغان ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزغا بېرىلمەيدۇ. دىنىي ماقالىلەرنى ئاپتورلار ئەڭ ياخشىسى شۇ يەردىكى ئۆلىمالاردىن بىرسىگە كۆرسىتىپ ۋە تەقرىز يازغۇزۇپ ئەۋەتىشى كېرەك. دىنىي كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئاپتورلار دىنىي ئىلىمگە چېتىلىدىغانلا مەزمۇن بولسا، دىنىي زاتلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇۋېتىپ ياكى شۇ مەزمۇنغا دائىر دىنىي بىلىملەر ئەسەرلىرىنى كۆرۈۋېتىپ، ئاندىن ماقالىنى تۈزىتىپ ئەۋەتىشى كېرەك.

2. «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»تىن نەقىل ئېلىپ يېزىلغان ماقالىلەردە، «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنىڭ نومۇرى (قانچىنچى سۈرە، قانچىنچى ئايەت ئىكەنلىكى)، ھەدىس شەرىفنىڭ رىۋايەت قىلغۇچىسى، نەقىل ئېلىنغان ئەسەرنىڭ ئىسمى ۋە بەت نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك (ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىدە مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجىنىڭ«قۇرئان كەرىم» تەرجىمىسى ئاساس قىلىنىدۇ). يۇقىرىقى تەلەپكە لايىق بولمىغان ۋە ئايەت-ھەدىسلەر ئۆز مەيلىچە تەرجىمە قىلىنغان ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزغا قوبۇل قىلىنمايدۇ.

3. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىدا، ئىملاسى ۋە تىنىش بەلگىلىرى توغرا بولۇشى، ئەڭ ياخشىسى كومپيۇتېردا بېسىلغان نۇسخىسى بولۇشى، ئۇزۇنراق ياكى بىر قانچە ماقالە بولسا يۇمشاق دىسكىغا ئېلىپ، دىسكا بىلەن قوشۇپ ئەۋەتىشى كېرەك. دىنىي زاتلار، مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك ئاپتورلار ئۆز ماقالىسىنى مەلۇم يېزىقچىلىق سەۋىيىسىگە ئىگە كىشىلەرگە تۈزەتكۈزۈپ رەسمىي ماقالە تۈسىگە كىرگۈزۈپ ئەۋەتىشى كېرەك.

4. ژۇرنىلىمىز ئومۇمەن تەرجىمە ماقالىلىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، تەرجىمە قىلىش زۆرۈر بولغان ماقالىلەرنى تەھرىر بۆلۈمىمىز ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ناۋادا تەرجىمە قىلىنغان مۇھىم ماقالە بولسا، بۇ ماقالىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى(ئەرەبچە، پارسچە ياكى خەنزۇچە)نى بىللە ئەۋەتىشى كېرەك. تەرجىمە ماقالىسىنى ئۆزى نامىدا ئۆز ئەسىرى قىلىپ ئەۋەتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

5. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەر ژۇرنالغا بېرىلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئومۇمەن ئاپتورغا قايتۇرۇلمايدۇ، ئايرىم دىنىي ماقالىلەردىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە زۆرۈر تېپىلغاندا، تەھرىر بۆلۈمىمىز ئاپتور بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، شۇڭا ئاپتور ئۆز ماقالىسىنىڭ ئەسلى ئورگىنالىنى ساقلاپ قويۇشى كېرەك. ئالاقىلىشىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئېنىق ئادرېسى ۋە تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويۇشى كېرەك.

6. ژۇرنىلىمىز ئوقۇرمەنلىرى ئېھتىياج ۋە مەلۇم بىر مەزمۇن چوڭقۇر شەرھلەپ بېرىلگەن ماقالىلارغا قىزىقماقتا. ژۇرنىلىمىز سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقتىن، ئاپتورلارنىڭ ئۆز ماقالىلىرىنى شۇ تەلەپ بويىچە يېزىپ ئەۋەتىشىنى، ماقالىنىڭ ئادەتتە ژۇرنىلىمىزدا 2—4 بەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئۆزىمىز ئورۇنلاشتۇرغان ئايرىم ماقالىلەردىن باشقا ئۇزۇن ماقالىلەر ژۇرنىلىمىزدا بېرىلمەيدۇ.

7. ئاپتورلار ئۆز ماقالىسىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن-بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

## ھىجرىيە1425- يىللىق رامزان ئېيىدا روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | مىلادى 2004-يىل | ھەپتە كۈنلىرى | سوھۇر ۋاقتى | تاڭ سۈزۈلۈش | كۈن چىقىش | پېشىن | دىگەر | شام-ئىفتار | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15 -10 | جۈمە | 3:45 | 4:44 | 6:31 | 12:25 | 15:13 | 17:26 | 18:16 |
| 2 | 16 | شەنبە | 3:46 | 4:45 | 6:32 | 12:25 | 15:11 | 17:24 | 18:14 |
| 3 | 17 | يەكشەنبە | 3:47 | 4:46 | 6:33 | 12:25 | 15:10 | 17:23 | 18:13 |
| 4 | 18 | دۈشەنبە | 3:48 | 4:47 | 6:34 | 12:25 | 15:08 | 17:21 | 18:11 |
| 5 | 19 | سەيشەنبە | 3:49 | 4:48 | 6:35 | 12:25 | 15:07 | 17:20 | 18:10 |
| 6 | 20 | چارشەنبە | 3:50 | 4:49 | 6:36 | 12:25 | 15:05 | 17:20 | 18:08 |
| 7 | 21 | پەيشەنبە | 3:51 | 4:50 | 6:37 | 12:25 | 15:03 | 17:16 | 18:06 |
| 8 | 22 | جۈمە | 3:52 | 4:51 | 6:38 | 12:25 | 15:02 | 17:14 | 18:04 |
| 9 | 23 | شەنبە | 3:53 | 4:52 | 6:39 | 12:25 | 15:00 | 17:12 | 18:02 |
| 10 | 24 | يەكشەنبە | 3:54 | 4:53 | 6:40 | 12:25 | 14:59 | 17:11 | 18:01 |
| 11 | 25 | دۈشەنبە | 3:55 | 4:54 | 6:41 | 12:25 | 14:58 | 17:10 | 18:00 |
| 12 | 26 | سەيشەنبە | 3:56 | 4:55 | 6:42 | 12:25 | 14:57 | 17:09 | 17:59 |
| 13 | 27 | چارشەنبە | 3:57 | 4:56 | 6:43 | 12:25 | 14:56 | 17:08 | 17:58 |
| 14 | 28 | پەيشەنبە | 3:58 | 4:57 | 6:44 | 12:25 | 14:54 | 17:07 | 17:56 |
| 15 | 29 | جۈمە | 3:59 | 4:58 | 6:45 | 12:25 | 14:53 | 17:06 | 17:55 |
| 16 | 30 | شەنبە | 4:00 | 4:59 | 6:46 | 12:25 | 14:52 | 17:04 | 17:53 |
| 17 | 31 | يەكشەنبە | 4:01 | 5:00 | 6:47 | 12:25 | 14:51 | 17:03 | 17:52 |
| 18 | 1-11 | دۈشەنبە | 4:02 | 5:01 | 6:48 | 12:25 | 14:50 | 17:02 | 17:51 |
| 19 | 2 | سەيشەنبە | 4:03 | 5:02 | 6:49 | 12:25 | 14:49 | 17:01 | 17:50 |
| 20 | 3 | چارشەنبە | 4:04 | 5:03 | 6:50 | 12:25 | 14:48 | 17:00 | 17:49 |
| 21 | 4 | پەيشەنبە | 4:05 | 5:04 | 6:51 | 12:25 | 14:47 | 16:59 | 17:48 |
| 22 | 5 | جۈمە | 4:06 | 5:05 | 6:52 | 12:25 | 14:46 | 16:58 | 17:47 |
| 23 | 6 | شەنبە | 4:07 | 5:06 | 6:53 | 12:25 | 14:45 | 16:57 | 17:46 |
| 24 | 7 | يەكشەنبە | 4:08 | 5:07 | 6:54 | 12:25 | 14:43 | 16:55 | 17:45 |
| 25 | 8 | دۈشەنبە | 4:09 | 5:08 | 6:55 | 12:25 | 14:42 | 16:54 | 17:44 |
| 26 | 9 | سەيشەنبە | 4:10 | 5:09 | 6:56 | 12:25 | 14:41 | 16:53 | قەدرى كېچىسى |
| 27 | 10 | چارشەنبە | 4:11 | 5:10 | 6:57 | 12:25 | 14:40 | 16:52 | 17:43 |
| 28 | 11 | پەيشەنبە | 4:12 | 5:11 | 6:58 | 12:25 | 14:39 | 16:51 | 17:42 |
| 29 | 12 | جۈمە | 4:13 | 5:12 | 6:59 | 12:25 | 14:38 | 16:50 | 17:41 |
| 30 | 13 | شەنبە | 4:14 | 5:13 | 7:00 | 12:25 | 14:37 | 16:49 | 17:41 |
| شەۋۋال1 | 14 | يەكشەنبە | 4:15 | 5:14 | 7:01 | 12:25 | 14:36 | 16:48 | 17:39 |

### ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1.خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قۇمۇل شەھىرى | 6 | 2.قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | | 5.غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 6.كورلا شەھىرى | 10 |
| | | 7.سانجى شەھىرى | 5 |
| بۇ جەدۋەلنى مۇھتەرەم ھاجى ئىشلىگەن | | 8.شىخەنزە شەھىرى | 3 |

# 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسىدىن كۆرۈنۈشلەر



ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن ئابدۇكېرىم ئۆمەر داموللا.



مۇسابىقە مەيدانىدىن بىر كۆرۈنۈش.



خەنزۇ تىلى بويىچە بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن نىي ۋېنجيەن.




ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن مۇھەممەد ئابدۇللا ئۆمەر، ئابدۇرېھىم غوپۇر.



ئۇيغۇر تىلى گۇرۇپپىسىنىڭ باھالاش ھەيئەتلىرى ئەستايىدىل ۋەز-تەبلىغ ئاڭلىماقتا.



ئىككىنچىلىككە ئېرىشكەن ما جۇنجى، ما ياۋجۇن، چېن فېڭ، جاڭ جۇڭگواڭ.



ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن ئوسمان قارى، ئابدۇمىجىت ئاخۇن، ئالىمجان داموللا.



مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى مەسئۇللىرى شىنجاڭلىق ۋەز-تەبلىغچىلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.



ئۈچىنچىلىككە ئېرىشكەن دىڭ جيەنچياۋ ، ما فۇگۈي، جاڭ شۇگاڭ، ما ئەيمىن، گو شياۋچى.



مۇنەۋۋەر ۋەز-تەبلىغچى نابىغالى ئەسكەربېك ئوغلى(قازاق).



قىرغىز ۋەز-تەبلىغچى مەمەت قۇبان قۇباش.



ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن ئالاھىدە ۋەز-تەبلىغچى ۋاڭ خەيتاۋ.



ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004-يىللىق مۇشتەرىلىرىدىن شەرەپلىك ۋىلايەت ۋە ناھىيە(شەھەر)لەر

ئاقسۇ ۋىلايىتى
قەشقەر ۋىلايىتى
خوتەن ۋىلايىتى
كوناشەھەر ناھىيىسى
گۇنسۇ ناھىيىسى
قاغىلىق ناھىيىسى
تۇرپان شەھىرى
باي ناھىيىسى
يەكەن ناھىيىسى
ئاقسۇ شەھىرى
خوتەن ناھىيىسى
پوسكام ناھىيىسى
مەكىت ناھىيىسى
كورلا شەھىرى
ئاۋات ناھىيىسى
يېڭىشەھەر ناھىيىسى
قاراقاش ناھىيىسى
قۇمۇل شەھىرى
مارالبېشى ناھىيىسى
كېرىيە ناھىيىسى
قەشقەر شەھىرى
لوپ ناھىيىسى
توقسۇ ناھىيىسى


《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

ISSN 1007-5836

国际标准刊号：ISSN1007—5836 خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN11—1346/B مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:

国内邮发代号：（新）58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:

国外发行代号：Q1720 چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:

公开发行　定价：4元 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 4 يۈەن